

# مەن ۋە تارىخىم

مەن ۋە تارىخىم

مەن ۋە تارىخىم

«ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلدۇ» دەيدۇ رەسۇلىمىز. بىز ئۆزىمىز، جەمەتىمىز ،مەھەللىمىز، يۇرتىمىز، مۇھىتىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدە قانچىلىك بىلىمىز؟ بىز ئوقۇغان دەرسلەر ھاياتتا ئىنسان دائىم ئېھتىياجلىق ساۋاتلارنى يەتكۈزەلىدىمۇ ؟ ۋەتەنسىز، ھوقۇقسىز، بىلىمسىزلىكىمىز بىزنى ئۆزىمىز، مىللىتىمىز ۋە دۇنياغا يوشۇرۇنغان سىرلار ھەققىدە ئويلاشقا دەۋەت قىلالىدىمۇ ؟ مەۋجۇتلۇق ۋەھىمىسىنى قايسى بىلىم بىلەن يېڭىمىز ؟بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان تەبىئەت، يۇرت، جەمئىيەت ۋە دۇنيادىن ساۋاتلىقمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ ؟ ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل تەبىئي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھاياتىمىز بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ ؟ پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆزىنى، جەمەتىنى، ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى ئۇيغۇر تىلىدا قانچىلىك چۈشەندۈرەلەيمىز؟

سوئاللار كۆپ، بىز مۇشۇ سوئاللارغا ئاز تولا بولسىمۇ جاۋاپ بېرىش، باللار بىلەن ئۆزى، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيا ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قوللىنىش ۋە مىگىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بىلىملەرنى يېڭىلاشتا ئاز ـ تولا ياردەمدە بولارمىكىن دېگەن مەقسەتتە بۇ ئۇنىۋېرسال ساۋات كىتابىنى تۈزدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بې
www.uyghurkitap.c
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرې

# مەن ۋە تارىخىم

www.uyghurkitap



# كىرىش سۆز

«مەن ۋە...» بىلەن باشلانغان بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپنى بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن ئەۋلات ئىشقىدا يانغان بىر تۈركۈم پىداكارلار ھاۋالە قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا تۇمشۇقتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن دۇنيانى، تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى بالىلارغا ئانا تىلدا قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدە سۆھبەتتە بولغان ئىدۇق. ئۇلار مەكتەپلەرگە ئۆز ئالدىغا دەرسلىك تەسىس قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەپتىدە ئىككى سائەت ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزگۈزمەكچى بولۇشتى. مەن ئۇلارغا بۇ دەرسلىكنىڭ خىتاي تەشەببۇس قىلىدىغان ساختا كوللىكتىۋىزىمنىڭ ئەكسىچە ئۆزلۈكنى تەكىتلەيدىغان «مەن» بىلەن باشلاشنى ئېيتتىم. باشلانغۇچقا «مەن ۋە بەدىنىم»، «مەن ۋە ئائىلەم، جەمەتىم» دېگەن ئىككى كىتاپ، تولۇقسىزغا «مەن ۋە تارىخىم»، «مەن ۋە زېمىنىم»، «مەن ۋە ئىلىم-پەن» دېگەن ئۈچ كىتاپ، تولۇق ئوتتۇرىغا «مەن ۋە ئىلاھىي دۇنيا»، «مەن ۋە سىياسىي دۇنيا» دېگەن ئىككى كىتاب تەييارلانماقچى بولدى. بۇ كىتاپلارنى تۈزۈشتىكى مەقسەت پەرزەنتلىرىمىز ئۆگىنىشنى بەدىنىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلىسۇن، ئاندىن چۈشەنچىسىنى مىللەت، ئىلىم-پەن ۋە تۇپراققا كېڭەيتسۇن، ئاخىرىدا ماددىي ۋە ئىلاھىي دۇنيانى مۇكەممەل ئىگىلەپ ھايات يولىدا تىنەپ تەمتىرەپ قالمىسۇن، تۇرمۇشقا چىرماشقان ساختا تېبابەت، ئازغۇن سىياسەت ۋە يالغان ئىلاھىيەتكە ئالدانمىسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بايقىشىمچە ۋەتىنىمىزدە كىشىلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان بەدىنى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغاچقا بىزدە داخان، پىرخۇن ۋە رىياكار تېۋىپلار بازار تاپقان ئىدى، كىشىلىرىمىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت، كېسەللىك، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدە پەننىي ساۋاتقا ئىگە بولمىغاچقا ھۆرمەت تۆرىدە ئۇلۇغلىناتتى. خەلقىمىز سىياسەت، خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنياۋىي تەرتىپ ھەققىدە مەرىپەتلىك بولالمىغىنى ئۈچۈن دائىم زالىملارنىڭ قۇلىغا قوللىغۇچىسىغا ياكى قوللىرىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالاتتى. خەلقىمىزدىكى ھوقۇقسىزلىق، مائارىپسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، پەننىڭ ئومۇملاشماسلىقى، بېقىندىلىقنىڭ ئەنئەنىگە

ئېلىنىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەپلەردىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئاجىز ھالىتىمىزگە ئۆزگەرتىش نادانلىققا، خۇراپاتقا جەڭ ئېچىش بولسا، بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىش نادانلىققا يەم بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا غەيرەتكە كەلگەن پىداكار ئۇستازلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەن بىر يۈرۈش كىتاپنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كىتاپنى تۈزۈش ئىشىغا ئون يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە سىنىپ باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوستۇم ئەخمەت مەسئۇل بولدى. 3102-يىلى ئاۋغۇستتا كىتاپلار پۈتتى. مەن رەسىم كىرگۈزۈش، كۆنۈكمە تەييارلاش، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتمە تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان چاغدا قاماققا ئېلىندىم. مەن چىقىپ تۇرۇشۇمغا قەدىناس دوستۇم تۇتۇلۇپ كەتتى. كىتاپ مەندە قالدى.

«مەن...» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپنى تۈزگەن دوستۇم ھەققەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك قىلغان ئىكەن. ئەينى چاغدا قىلغان پىلانلىرىمىز شۇ چاغدا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈن ئەمەس ھېلىمۇ زۆرۈر بىر ئېھتىياج ئىكەندۇق. مۇشۇنداق بىر يۈرۈشلۈك كىتاپلارنى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇساپىرەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلدىم، ھەمدە قاماقتا قالغان دوستۇمنىڭ ئۈمىدىنى مۇھاجىرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. ئۇيغۇرىياردىكى دوستلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپ روياپقا چىقتى. دېگىنىمدەك مەن بۇ كىتاپلار ئۈچۈن كۆنۈكمە ھازىرلىيالمىدىم، رەسىم كىرىشتۈرەلمىدىم، دوستۇم قاماقتا بولغاچقا كىتاپنى تۈزۈشتە قوللانغان مەنبەلەرنى سورۇشتە قىلالمىدىم. پەقەت تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى تولۇقلاشلارنى قىلدىم. ۋەتەندە شارائىت چەكلىمىسى سەۋەپلىك دېيىلىپ قالغان سۆز، جۈملە ۋە ئاتالغۇلارنى يېڭىلاپ چىقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ۋە مەنبەسى .................................. 5
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭناملىرى .................. 8
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ........................................ 12
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى .............................. 12
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى .............................. 13
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى.............................. 14
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك .................. 14
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تۈزۈلمە.................................. 16
ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېزىقى .................................. 16
تۈي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرى: ...................................... 71
ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتىقادى .................................. 18
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى .............................. 18
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە غەربكە يۆرۈش .......... 19
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىش سەۋەبلىرى: .................... 91
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۆچۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر:.............. 02
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى) ........................ 12
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى.................................. 21
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى .................................. 22
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى .................................. 24
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دىنلار .................................. 25
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا يېزىق...................................... 26
قاراخانىلار خانلىقى ............................................ 28
قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر .................... 29
قاراخانىلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى .................... 30
قاراخانىلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........................ 31
قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك.......................... 32
قاراخانىلارنىڭ بۆلۈنىشى ۋە زاۋاللىقى ............................ 32
قارا قىتانلار، موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلار ............................ 33
قارا قىتانلار ۋە ئۇيغۇرلار .................................... 33
موڭغۇل ئىمپىرىيەسى ۋە ئۇيغۇرلار .............................. 34

چاغاتاي خانلاردا ئۇيغۇرلارشماق ........................................37
چاغاتاي خانلىقىنىڭ قىسقىچە ئومۇمىي ئەھۋالى ................................37
ياركەنت (يەركەن) سەئىدىيە خانلىقى.........................................40
مانجۇخانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار ...................................................42
ئۇيغۇرلاردا كۈرەش ۋە خوجىلار ۋەقەسى ...................................45
زىياۋۇدۇن خوجا ۋەقەسى .....................................................46
جاھانگىر خوجا ۋەقەسى ......................................................46
يەتتە خوجا ۋەقەسى .........................................................47
ۋەلىخان تۆرە ۋەقەسى ........................................................48
19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان قوزغىلاڭلار ۋە ۋەزىيەت ...............49
ياقۇپبەگنىڭ يەتتە شەھەر دۆلىتى ............................................52
ۋەتىنىمىزنىڭ بېسىۋېلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ..................54
ئۆلكە بولغاندىن كېيىن......................................................54
دىيارىمىزدا شىنخەي ئىنقىلابى ..............................................55
قۇمۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى .......................................56
چىرىيە ۋەقەسى ...............................................................58
جىن شۇرېنىنىڭ تەختكە چىقىشى ..........................................60
قۇمۇل ـ تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ پارتىلىشى ...................................62
1933 ـ يىللاردىكى قەشقەر ۋەزىيىتى .......................................64
شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى .......................66
مىللىي ئىنقىلاب ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى .......................................68
قىزىل ھاكىمىيەت ۋە قارا كۈنلەر.............................................70
ماۋزىدۇڭ ھاكىمىيىتى ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ...........................71
بارىن ۋەقەسىدىن 7 ـ ئىيۇل ۋەقەسىگىچە.....................................74
ئويلاپ باقايلى................................................................76

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



# 1. ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ۋە مەنبەسى

«ئۇيغۇر» ئۇيغۇرلارنىڭ نامىدۇر. ئۇيغۇرلار نامىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى توغرىسىدا خىتايچە ۋە چەتئەل تىلىدىكى كىتابلاردا ھەرخىل يېزىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاساسلىقراق بىر نەچچە تۈرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئۇيغۇر دېگەن سۆز« ئۇيۇماق، ئۇيۇشماق» تىن كەلگەن، ئۇ ئۇيۇشۇش، ئىتتىپاقلىشىش دېگەن مەنىلەرگە ئىگە دەيدۇ. بۇ XIV ـ ئەسىردە ئۆتكەن پارىس تارىخشۇناس خوجا راشىددىن فازىلۇللاھنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «جامئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر : ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ «ئۇيغۇنلاشماق، يېپىشماق، ئۇيۇماق» دېگەن مەنىسى بار دەيدۇ. بۇ XVII ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخاندىن كەلگەن.

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئۇيغۇر دېگەن سۆز«باشقىلارغا بېقىنمايدىغان، ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرلەنگەن.

تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر: قەھرىمانلىق داستانى ـ ئوغۇزنامىدە ئوغۇزخان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، بارلىق تۈرك قەبىلىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ھەر تەرەپكە يارلىق چىقارغان. يارلىقتا : مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىمەن! دېيىلگەن بۇ رىۋايەت نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ شەرھىسى

بولۇپ قالغان.

بۇ رىۋايەتلەر ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، هازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ هەرخىل بولماقتا. بەزىلەر «ئۇيۇشۇش، ئىتتىپاقلىشىش» دېگەننى ياقلىسا، بەزىلەر «ماسلىشىش، ئۇيغۇنلاشماق» دېگەننى؛ بەزىلەر «بېقىنمايدىغان، مۇستەقىل ياشايدىغان» دېگەننى ياقلاپ كەلدى. بەزىلەر تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، بۇ سۆز دانىشمەن، قۇدرەتلىك، هەممىگە قادىر دېگەن مەنىنى بېرىدۇ دەپ قارىماقتا.

بەزىلەر ئۇيغۇر دېگەن بۇ سۆزنى هېنىرى يۇلېدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ، يەنى بۇ سۆز پىتولېمىنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان «ئۇيغاردلار»ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىكى قىياس بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تارىم دەرياسى بىلەن ئوخشاش نامدىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. پىتولمى مىلادىيە II- ئەسىردە يۇناندا ئۆتكەن جۇغراپىيون، ئۇنىڭ جۇغراپىيە دېگەن كىتابىنىڭ سىرىس(بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان تۇپراقلارنىڭ نامى دەپ پەرەز قىلىنىدۇ) دېگەن قىسمىدا : «... ئۇنىڭمۇ جەنۇبى تەرىپىدە دامايىلار ياشايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەن تەرىپىدە پىئايىلار ياشايدۇ، ئۇلار ئۇيغارد دەرياسى(تارىم دەرياسى)قىرغاقلىرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ (چۇ، هازىرقى قىرغىزىستاندا) دەريانىڭ نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى ئۇيغاردلار ياشايدۇ.» دېيىلگەن.

ئەنگلىيە ئالىمى هىنرى يۇلى ئۇيغاردلار ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇيغارد دەرياسى دېگەن تارىم دەرياسىدۇر دەپ هېسابلىغان. ختايلىق ئالىم جاڭ شىگراڭ بۇ قاراش ئانچە يۈتتەرەپ تۇرالمايدۇ دەپ قارايدۇ. لىيۇ يىتاڭمۇ جاڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىنى ياقلايدۇ. تۈرك تارىخچىلىرى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە تۇنجى شەهەرلەشكەنلەر ئۇيغۇرلار دېگەننى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار مەدەنىيەت دېگەن ئەرەپچە سۆزنىڭ شەهەر دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەنلىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىمۇ مەدەنىيەت دېگەن مەنىدە چۈشىنىدۇ. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈركچىدە ئۇيغار سۆزى مەدەنىيەت دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇرلاردا ھازىر مىللەت نامىنىڭ مەنىسىنى «ئۇيۇشماق، ئىتتىپاقلاشماق» دەپ چۈشىنىش كەڭرەك ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئەزەلدىن پەقەت بىرلا مەنىسى بولۇشى كېرەك دەپ بىرنىلا مۇقىملاشتۇرۇش بىھاجەت. تارىخقا قارىساق، ئۇيغۇر بەزىدە بىر مىللەت نامى ئىدى، بەزىدە بىر دۆلەتنىڭ نامى، بەزىدە بىر مەدەنىيەتنىڭ ئاتىلىشى ۋە بەزىدە قەۋملەر بىرلىكىنىڭ، ئىمپىرىيەنىڭ نامى بولغانلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر دېگەن سۆزمۇ ئوخشىمىغان چاغلاردا پەرقلىق مەنىلەردە كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

# 2. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجداتلىرىغا دائىر كىتاپلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايچە بولۇپ بۇ تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۆۋەندىكىدەك ھەرخىل ناملاردا ئاتالغان:

1. شىمالى سۇلالىلەر تارىخى، ۋېينامە ، سۇينامە ، كونا تاڭنامە ، يېڭى تاڭنامە قاتارلىق تارىخى ھۆججەتلەردە: « ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلاردۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەچكە، شىمالى ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قاڭقىل(ئېگىز ھارۋىلىقلار) ياكى چىلى، تىلى دەپ ئاتالغان.ئۇلار ئۇيغۇر، سىر ـ تاردۇش، تۇبا، قورقان، دولانغۇت، بارغۇت، بايىرقۇ،توڭرا، قۇن(ھون)، ئىزگىل(سىير)،قۇشۇ، قۇمۇق (چىگىل،ئايغىر)، ئاتېز، ئاقشىد قاتارلىق 15 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان» دېيىلگەن.

2.ئۇيغۇرلار ـ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى III ـ ئەسىردىن مىلادىيە III ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان. IV ـ ئەسىرگە كەلگەندە تىلى ياكى چىلى دەپ ئاتالغان، ئۇلار ئېگىز چاقلىق،يوغان ھارۋىلارنى ئىشلەتكەچكە قاڭقىل(ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپمۇ ئاتالغان.مىلادى 492 ـ يىلى بىر قىسمى ئۆز يولباشچىسىغا ئەگىشىپ تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەن، شۇندىن كېيىن شەرقى تېلىلارنىڭ ئىچىدىكى ۋۇخۇ ياكى ۋۇخېلار تەدرىجىي ئۆزگىرىپ خۇيخى(ئۇيغۇر)، خۇيخۇ(ئۇيغۇر) دەپ ئاتالغان.

3.خىتاينىڭ شىيا، شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دىلار ياكى شىمالى دىلار، بەزىدە ئومۇملاشتۇرۇپ غۇزلار دەپ ئاتالغان. چىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ، ۋېي، جېن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە تېلى، چىلى دەپ ئاتالغان. ئىشلەتكەن هارۋىسىغا قاراپ قاڭقىل(ئېگىز هارۋىلىقلار)دەپمۇ ئاتىغان. بۇ ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كېيىن خۇيخى، خۇيخۇ، ۋېيۇۇئىرلارنى شەكىللەندۇرگەن.

4. ۋېينامە ـ قاڭقىللار تەزكىرىسى، شىمالىي سۇلالىلەر ـ قاڭقىللار تەزكىرىسى قاتارلىق كىلاسسىك كىتابلاردا، قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ دىلى، شىمالدىكىلەر چىلى، شىيالىقلار، قاڭقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغان. ئۇلار دى، ئۇيغۇر، قۇغۇرسۇ، چاپىش، قىرغىز قاتارلىق ئالتە قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار چىپولى، تېلى، ئىلجان، تارلان، قوغا، تاربوقان، ئايرون، بايان، ئېركىن، بۆركلى(تۇماقلىق) قاتارلىقلاردۇر دېيىلگەن.

5. كونا تاڭنامە ئۇيغۇرلار تەزكىرىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى هونلاردۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق هارۋا ئىشلىتەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە قاڭقىللار دەپ ئاتالغان، يەنە چىلى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۆز تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇيغۇر، سىر ـ تاردۇش، قىبئار، تۇبا، قورىقان، دۇلانغۇت، بۇگۇت (بارغۇت)، بايىرقۇ، توڭرا، قۇن، ئىزگىل(سىيىر)، قۇشۇ، قۇمۇق(چىگىل،ئايغىر)، ئائىبىز، ئاقشىد قاتارلىق 15 قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇيغۇر قەبىلىسى يەنە ئوغۇز، ۋۇخۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېيخى دەپ ئاتالغان. كېيىن بۇغۇت(بارغۇت)، توڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىرلىشىپ ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتاپ خۇيخى دەپ ئاتالغان دېيىلگەن.

6. تېلى قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان دائىرىسى كەڭ بولۇپ، «سۈينامە تېلىلار تەزكىرىسىدە،تېلىلار ئەسلىدە هونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ،ئۇرۇق قەبىلىسى ئىنتايىن كۆپ ئىدى،ئۇلار كاسپى دېڭىزدىن شەرىققە قاراپ ئورۇنلاشقان بولۇپ،

ئۇلار: بۇگۇت (بارغۇت)، توڭرا، ۋىيخى(ئۇيغۇر)، بايىرقۇ، بۆركلى، موچۇر، تۇرگىت، ئىزگىل، قۇن، قوغۇرسۇ، چىنى، بۇرۇچ، ئازلار، سۇبۇ، ناخ(ناگە)، ئوغۇز، قىرغىز، ئىرتوش، ئۇنقۇ، سىر ـ تاردۇش، جىلار(چارۇق)، زاباندىر، داچى، ئادىز، گاسار(هازار)، بولغار، پەچەنەك، ئارال دېڭىزلىقلار، گەبىش(چەبىش)، چەرچەس، يەمەك، گوت، سوغناق(سارىغۇر)، ئاساكىن، مۇكىرىپ(مۇكشاس)، ساخا(چېركىس)، ئىنقۇ، ئەلەن(ئالاس)، باشقىرت، قۇتغۇر، دۇبۇ(توبۇل) قاتارلىق قەبىلىلەر بارئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلىرى هەرخىل بولسىمۇ،هەممىسى تىلىلار ئىدى» دېيىلگەن.

7.ئۇيغۇرلارنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇرلاردۇر.توققۇز ئۇيغۇرلار: ياغلاقار(ئاپۇرغۇر)، قورتارغۇر(قاتارغار)، دىرمار، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ(قولاس)، ئوۋيۇرغار، سابار(ساروغار)دىن ئىبارەت . توققۇز ئوغۇز: ئۇيغۇر، بارغۇت، قۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، باسمىل(ئابوس)، قارلۇق قاتارلىقلار. بۇ توققۇز ئوغۇزلارغا كېيىن ئاتىز قەبىلىسى قوشۇلۇپ ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىچكى توققۇز ئۇرۇق، تاشقى توققۇز قەۋم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

8.مىلادىي 552 ـ يىلى، بومىن قاغان باشچىلىقىدا موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلىپ داڭلىق كۆكتۈرك خانلىقى قۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن تىلى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىردى.

9.ئالتاي تاغلىرىدا ياشايدىغان ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بولۇپ،مەهمۇد كاشغەريي تىلغا ئالغان ئوغۇزلار(تۈركمەنلەر)نىڭ قەبىلىلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

كاشغەريي: تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولغان تۈركمەنلەر ئوغۇزلاردۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇلار 24 ئۇرۇقتۇر، ئۇلارنىڭ ھەربىرىسىنىڭ تامغىلىرى بار، ئۇلار: قىنىق، قايىغ، بايۇندۇر، ئىۋا، سالغۇر، ئاۋشار، بەگ تىلى، بۇگدۇز، بايات، يازغىر، ئايمۇر، قارا بۆلۈك، ئالقا بۆلۈك، ئىگدىر، ئۇرۇگىر(يۇرەگىر)، تۇتىرقا، ئۇلا يۇنتلۇغ(ئالا يۇتلۇغ)، تۈگەر(تۆكەر)، پەچەنەك، چۇۋۇلدار، چارۇقلۇق قاتارلىقلاردۇر، دەپ مەلۇمات بەرگەن.

# 3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

قەدىمدە ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، جەنۇبىي سىبىرىيە دالاسى ۋە گەنسۇ ۋادىلىرىدا ياشىغان شەرقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سېلىنگا،ئورخۇن،تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىدا توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشى كېيىنكى تارىخى جەريانلاردا ھەرقايسى شەرقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، مۇنتىزىم ئۇيغۇر ئىتتىپاقى گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقىش ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى (بەزى ئۇيغۇر تارىخچىلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتايدۇ، تۈرك تارىخچىلار ئۇيغۇر ئىمپاراتورلۇقى دەيدۇ) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش،شۇنداقلا ئۇنىڭ شىمالىي ئاسىيا يايلىقىدا كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ چىقىشىدا ناھايىتى تۈرتكىلىك رول ئوينىپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ۋە سىياسىي ھاياتىدىمۇ يېڭى دەۋرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

شەرقي ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ،بۇ خانلىقنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا ئۆز ھەسسىنى قوشتى،شۇڭا كۆكتۈرك ھۆكۈمرانلىرى: «توققۇز ئوغۇزلار ئۆز خەلقىم ئىدى»دېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرى مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ.كۆكتۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.

www.uyghurkitap.com



ئورخۇن خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىغا نىسبەتەن ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت، بىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 646-يىلى تۇمىت دەۋرىدە قۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ. يەنە بىرخىل قاراشتىكىلەر، 744-يىلى كۆل بويىلا ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان دەپ جاكارلىغان، بۇنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرۇلغان ۋاقتى دەپ قاراشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي كۈچى تازا كۈچلەنگەن ۋاقىتلاردا خانلىقنىڭ زېمىنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغا، غەربتە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەتراپى، جەنۇبتا ئوردوسنى كونترول قىلغان، شىمالدا بايقال كۆلىگە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسسىق كۆل رايونلىرىغىچە كېڭەيگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆز قولى بىلەن تىكلىگەن مەڭگۇ تاش (تامغۇ تاش)لاردىن 753-يىلى تىكلەنگەن «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىن دائىرىسى ھەققىدە خاقان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان تىلىدىن مۇنداق مەزمۇنلار تاشقا پۈتۈلگەن: «مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم. شۇ يەردە يولۋاس يىلى ۋە يىلان يىلىنى ئۆتكۈزدۈم. ئەجدىھا يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرسىدىكى سۈڭۈر-باسقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلىدىم، شۇ يەردە بارگاھ قۇرغۇزدۇم، سېپىل سوقتۇردۇم، مىڭ يىللىق، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى، تامغامنى شۇ يەردە سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم، يوغان تاش ئورناتقۇزدۇم. يۇقىردا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئىلىمنى(دۆلىتىمنى) قۇردۇم، تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم. ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر، دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر... سەككىز دەريا ئارىلىقىدىكى

چارۋام ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىم بار. سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا سەككىز دەريا مېنى سۆيۈندۈردى. مەن قارغا ۋە بۇرغۇ دەريا بويلىرىدىكى يەرلەردە تۇرىمەن، ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا كۆچمەن، يايلىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربى ئۇچىدا. تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ شەرقىدە،مەن شۇ يەردە تۇرىمەن، كۆچەرمەن.... مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئونغى ئۆتۈكەندىن ئاتلاندى. قوشۇن تارت، خەلقنى يىغ دېدىم...جەنۇبىي چىگرانى، ئالتۇن تاغدىكى غەربىي چىگرانى، كۆگمەندىكى شىمالى چېگرانى قوغدا... » دېگەن خاتىرىلەر بار.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

كۆل بىلگە خاقان قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر ئەسىرچە(840 - 744 - يىللار )داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا 14 كىشى تەختتە ئولتۇردى. ئۇلاردىن كۆل بىلگە خاقان(747 - 744 - يىللار)، مويۇنچۇر خاقان(759 - 747 - يىللار)، بۆگۈ تېكىن(780 - 759 - يىللار)، تۇن باغا خاقان(789 - 780 - يىللار)، قۇتلۇق خاقان(805 - 795 - يىللار) قاتارلىقلار مەشھۇر ئۇيغۇر خاقانلىرىدۇر. ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى توققۇز ئۇيغۇرنى ئاساس قىلىپ، تاشقى توققۇز قوۋمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان ئىدى. ئىچكى توققۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياغلاقارلار ئۇرۇقى خان جەمەتى گۇرۇھى بولۇپ خاقانلار ھامان ياغلاقارلاردىن چىقاتتى.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. شۇنىڭدەك شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ئالاقىسىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ ئىگىلىكىنى خېلى ئوبدانلا تەرەققىي قىلدۇرالىغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتا ئاتچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاتلىرىغا ۋە بايىرقۇ، توڭرا، بارغۇت، ئىزگىل، چۆبە، خۇن، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىغا ئالاھىدە تامغا بېسىلاتتى. تارىختا بۇنداق ئاتلار «ئىنال ئات» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر ئاتلىرى ئۇرۇشتىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ، سودا ـ سېتىقتىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ سانى پۈتكۈل ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاۋۇغان ئىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق(قارابالغاسۇن) ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. ئارخولوگىيلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان بىرى تۇرار جاي خارابىسىدىن دېۋرقاي، مىس پارچىلىرى ۋە برونزا ئەينەك تېپىلدى. بۇنىڭدىن شۇ تۇرار جاينىڭ بىر كاسىپنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. پايتەختتە شۇنىڭدەك ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇن تارتىدىغان يارغۇنچاق بار ئىدى. پايتەخت سىرتىدا، ئورخۇن ، سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئاھالە رايونى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى بار ئىدى، شەھەرلەردە قول سانائەتمۇ بار ئىدى. پايتەخت 12 تۆمۈر قوۋۇقلۇق چوڭ سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە زىچ ئاھالە جايلاشقان ئىدى.شەھەردە بازار، مەھەللىلەر بار ئىدى، بازارلاردا ھەرخىل سودا ـ سېتىق بولۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. كېيىن، بايلىقنىڭ توپلىنىشى بىلەن نۇرغۇن شەھەر ۋە قارشى ـ سارايلارنى بىنا قىلىپ، بارا ـ بارا يېرىم ئولتۇراق تۇرمۇشنى كەچۈرىدىغان بولدى. VIII ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قارا قاغان(مويۇنچۇر) سېلىنگا دەرياسى قىرغىقىدا بايبالىق شەھىرىنى بىنا قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى موي خاقان(بۆگۈ قاغان) ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا بۆگۈ بالىق، ئوردۇبالىق ۋە نۇرغۇن قارشى سارايلارنى بىنا قىلدى.

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تۈزۈلمە

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر خانلىق قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدىن چوڭ پەرقلەنمەيتتى. ئۇلار كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ بىر يۈرۈش ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تۈزۈلگەن بولۇپ،خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان ئىدى. قاغاننىڭ قول ئاستىدا بەگلەر بولاتتى. ئەركانلار يابغۇ، چۇرۇقبەك، ئاپار، ئېلتەبىر، تۇتۇن، ئېركىن، ياغۇندا، ئالپ ئۇر ئېلتەبىر، تارقان قاتارلىق 28 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى. مەنسەپ ئاتىدىن بالىغا بىراقلا قالاتتى. مەنسەپدارلارنىڭ سانىغا چەك قويۇلمايتتى. قاغاننىڭ ئوغلى تېكىن، ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىرى شات، مۇھاپىزەتچىلەر بۆرە دېيىلەتتى.

# ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېزىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىل ئائىلىسىنىڭ ھۇن تىل تارمىقىغا تەۋە. ئۇيغۇرلار يېزىق جەھەتتە تۈرك يېزىقىنى قوللانغان. تۈرۈك يېزىقى ئەڭ دەسلەپتە يېنسەي دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان قىرغىزلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ يېزىق تۈرك ـ رونىك يېزىقى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدىغان، بۇ يېزىقنىڭ ھەرپى 38 ـ 40 بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 8 سوزۇق تاۋۇش 4 قوشۇمچە بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش ئىچىدىكى بەزى ھەرپلەر ئوخشاش بولمىغان ئىككى يۈرۈش بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن يادىكارلىقلىرى جۈملىدىن مەڭگۈ تاشلار مۇشۇ يېزىقتا خاتىرلەنگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلەر:

بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقتا چوقۇنۇش:

www.uyghurkitap.com


ئۇيغۇرلار بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراق ئىشلەتكەن. بۆرە ـ تۈرك ، تېلى ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇتىمى بولۇپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىگە ئالتۇن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ بۇ «بۆرە باشلىق تۇغ»دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تۇغ بارگاھنىڭ ئالدىغا قاداپ قويۇلاتتى. چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەندە ياكى مۇراسىملاردا ئاۋۋال بۆرە باشلىق تۇغقا سالام بېرىلەتتى.

ساما سېلىپ ئۇسسۇل ئويناش:

ئۇيغۇرلار خانلىقىنىڭ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى ياكى چەتئەل ئەلچىلىرى قاغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا،ئالدى بىلەن بارگاھ ئالدىدا مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ساما سېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىلاتتى. قاغان كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى.

قانقادا ئولتۇرۇش:

ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى تەكشۈرۈشكە چىققاندا ئادەتتە كىگىز يېپىلغان ئېگىز ھارۋىدا ئولتۇراتتى. بۇنداق ھارۋىنى ئۇيغۇرلار قانقا دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تارىخنامىلىرىدە ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتىلىشىمۇ ئەجداتلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ھارۋىلارنى كۆپ قوللانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىن بۇ ھارۋىلار جەڭلەردە قوللىنىلغان بولۇپ بۈگۈنكى برونېۋىكلەرنىڭ رولىنى ئوينىغان.

## توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرى:

ئۇيغۇر خاقانى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا، ئاۋۋال راۋاققا چىقىپ تۆردە(كۈن چىقىش تەرەپتە) ئولتۇراتتى، خاتۇن راۋاق ئاستىدىكى كىگىز چېدىردا ئولتۇراتتى ۋە ياشانغان ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن چىقىپ قاغانغا تەزىم قىلىپ، ئاندىن يەنە چېدىرغا كىرىپ كىيىملىرىنى كىيىپ، تاج تاقاپ، يەنە راۋاققا چىقىپ قاغانغا تەزىم قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قولداش خاتۇننى جىرغىغا چىقىراتتى، توققۇز نەپەر

بۇيرۇق(ۋەزىر)خاتۇننى كۆتۈرۈپ ئوردا ئىچىدە قوياشنى ئەگىشىپ ئوڭ تەرەپكە توققۇز قېتىم ئايلىناتتى. مەرىكە ئاياغلاشقاندىن كېيىن خاتۇن جىرغىدىن چۈشۈپ، راۋاققا چىقىپ، قاغان بىلەن بىللە كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرلەر ئوردىغا تەزىمگە كىرەتتى، شۇ ۋاقىتتا خاتۇنمۇ تەزىم قىلاتتى. قاغان ئۆلسە خاتۇن بىلەن بىللە دەپنە قىلىناتتى.

ئۇيغۇرلار ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا، كالا، ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىر-چىراغ قىلاتتى. بارگاھنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى. ھەتتا يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىپ قان، ياش ئاققۇزۇپ قاتتىق يىغلايتتى.

## ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتىقادى

ئۇيغۇرلار دەسلەپ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، شامان دىنى ئاسمان ھادىسىلىرىگە، يۇلتۇزلارغا، سۇغا، ئوتقا، ئورمانغا، يىرتقۇچلارغا ۋە جىن- شەيتانلارغا چوقۇنۇشنى دەۋەت قىلىدىغان دىن ئىدى.كېيىن يەنى مىلادىيە 763-يىلى مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى. مانى دىنى مىلادى ئۈچىنچى ئەسىرلەردە ئىرانلىق مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن تەرغىپ قىلىنغان دىن بولۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. «مانى تۆۋەنامىسى» دېگەن ئەسەر ئۇيغۇر مانى ئەدەبىياتىغا مەنسۇپتۇر.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

قۇت تېكىن ئىسىملىك تەڭرى خاقان (تەڭرىقۇت) ھاكىمىيەتتىن كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى زەئىپلىشىش ۋە يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. مىلادى 832-يىلى ئەدەپ قۇچقان قاغان (قازار تىكىن)ئۆلتۈرۈلدى. ئىشەنچ قۇچقان قاغان تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. مىلادى839 -يىلى، بۇيرۇقلارنىڭ ئاسىيلىقى قوزغىغان ھۇجۇمى قۇت تېكىن تەڭرى خاقاننى مەغلۇپ قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



خاقاننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۋېلىشىغا سەۋەب بولدى . مىلادى 840 ـ يىلى، ئۇيغۇر سانغۇنى كۈلۈگ باغا قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوشاۋۇت قاغان بىلەن چورۇقنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇزۇل ـ كېسىل مۇنقەرز بولدى.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە غەربكە يۆرۈش

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىق مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۈچ يۆنىلىش بويىچە يۆرۈش قىلدى. بىر قىسىملار نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ يۆرۈپ ئۆز ئۇرۇقلىرىدىن بولغان قارلۇقلارنىڭ يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كەلدى، كېيىنكى چاغلاردا قارلۇق، ياغما قاتارلىق ئۇرۇقلار بىرلىشىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. يەنە بىرقىسمى ئۆگە تېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە غەربكە توختىماي ئىلگىرىلەپ ،خېشى كارىدورىدىكى ھەرقايسى جايلارغا ئورۇنلاشتى ۋە كېيىنكى كۈنلەردىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلار يەنى يۇغۇرلاردۇر. ئورخۇن بويلىرىدىن غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قىسمى پانتېكىن رەھبەرلىكىدە 15 قەبىلە ئۇيۇشۇپ ھازىرقى تۇرپان، جىمسار ئەتراپىغا كۆچۈپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. چېچىلىپ كەتكەنلىرى ۋە توپتىن ئايرىلغانلار ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن تارىختىن ئۆچتى.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىش سەۋەبلىرى:

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۈچ لىنىيە بويىچە ئورخۇن بويلىرىدىن كۆچتى . گەرچە ئۇلارنى ماكانلىرى ۋەيران بولۇپ، خاقانى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش

هوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغانلىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، كۆچمەن خەلقلەرنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندە ئەلۋەتتە زور چىقىملارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار تولۇق مۇنقەرز بولۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، رەقىپ بارالمايدىغان يەرگە كۆچۈپ كېتىش كېرەك، ياكى ئۇلارغا قوشۇلۇپ بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلار كۆچتى، بۇ خانلىقنىڭ شەرقى تەرەپتىن غەربكە كۆچۈشىدىنلا ئىبارەت. گەرچە قىرغىزلار تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، خانلىقنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرىنى تولۇق يوقىتىۋېتەلمىگەن ياكى بويسۇندۇرالمىغان. قاغاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، باللىرى، شات، بۇيرۇق، تارقانلىرى، ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا ئۆز قوۋمىنى كونترول ئەتكەن ۋە تارىم، يارىش(جۇڭغار) ۋادىلىرىدا ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىققان.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۆچۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر:

بىرىنچى: ئورخۇن خانلىقى گۈللىنىشتە باشلىنىپ،ئاخىرقى باسقۇچىدا ئەۋجىگە چىققان ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى زەيىپلەتكەن.

ئىككىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن تارىم ۋادىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش، خېشى ۋادىسىنى تالىشىشتىن ئىبارەت 10يىللىق ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشى خانلىقنى ھالسىراتقان.

ئۈچىنچى: قەبىلىلەر ئارىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى، تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىق ئامىللار زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرگەن.

تۆتىنچى: خانلىق زېمىندا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە ۋابا كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى تۆزلۈك سەۋەبلەر تارىختا ئاجايىپ سەلتەنەت سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 4. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى)

## قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورخۇن بويلىرىدىكى سەلتەنەتى ئاخىرلىشىپ، خانلىق شەرقتىن غەربكە كۆچكەندە،يەنى مىلادىيە 840-يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان شاھزادە پانتېكىن باشلاپ كەلگەن 15 قەبىلىنىڭ بىر قىسمى ئالدىن مېڭىپ،بېشبالىققا يېقىن جايغا توپلانغانىدى ۋە باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاگنى(ھازىرقى قارا شەھەر)گە كىرىپ، پانتېكىن ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭ 200 مىڭ ئادىمى شەرق تەرەپتىكى بوغدا تېغى ئەتراپىدىكى ئوتلاقتا تۇراتتى. شۇ چاغدا گوبىنىڭ جەنۇبىغا كەتكەن ئۇيغۇر خاقانى ئۆگە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئۇققان پانتېكىن ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بېشبالىق ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بۆگۈ تېكىندۇر.مىلادى866-يىلى، بۆكۈتېكىن بېشبالىقتىكى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تىبەت قوماندانى شاڭ كۇڭرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، شىجۇ، بېشبالىق، بۈگۈر، چىڭجىن قاتارلىق مۇھىم جايلارنى تارتىۋالدى. مەغلۇپ بولغان شاڭ كۇڭرىنىڭ بېشى كېسىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قوچۇنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتى بارا-بارا مۇستەھكەملەندى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى-قوچۇ شەھىرى(ھازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمى شەھىرى)ئىدى.

# قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. بۇ قاراشلارنىڭ مۇھىملىرى مۇنداق: بىرىنچى، شىمالى سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندى يازغان «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش» دېگەن كىتابتا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى ئىران ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ھىندى دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى پىشاۋۇرغىچە يېتىپ بارىدۇ، دېيىلگەن. ئىككىنچى: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى بارچۇق ئارت تېكىن تەرجىمھالى»دا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى «شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ،غەربتە تىبەتلەرنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپى ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدىكى جايلارغىچە بارىدۇ. جەنۇب تەرىپى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن.

ئۈچىنچىسى: XX ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە تارشا پۈتۈكنىڭ تىلاۋەت قىسمىدا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا) شاجۇدىن باشلىنىپ، غەربتە نەۋ بارخان يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى چىرچىككىچە يېتىپ بارىدۇ، دېيىلگەن.

تۆتىنچىسى،
ماۋرائۇننەھردە قۇرۇلغان سامانىلار خانلىقىدا بىر كىشى X ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا يازغان ھودۇدۇلئالەم دېگەن كىتابىنىڭ 12 ـ بابىدا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى ئىلى ـ مىڭلاق ۋادىسىغىچە، غەرب تەرىپى تىبەتلەرنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتىشىدۇ دېيىلگەن. بۇ قاراش بىر قەدەر ئىشەنچلىك. بۇنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە نىسبەتەن بىر قەدەر توغرا خاتىرە دەپ قاراش كېرەك. دېمەك بۇ خانلىقنىڭ تېرتورىيەسى جەنۇبتىن شىمالغىچە تۇرپان،

www.uyghurkitap



تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرىنى ئاتلاپ ئۆتكەن، شەرق تەرىپى قۇمۇلدىن باشلىنىپ غەرب تەرىپى ئاقسۇغىچە يېتىپ بارغان، بۇ ئارىلىقتا چۆل-جەزىرە ۋە بوستانلىقلار بار ئىدى. خانلىقنىڭ چېگراسى ئىچىدە قوچۇنى مەركەز قىلغان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، غەرب تەرىپىدە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بار ئىدى . كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېگراسى غەربتە ئاقسۇدىكى مۇز داۋانغىچە، جەنۇبتا تارىم دەرياسىغىچە باراتتى. ئۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگراسىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «ئىدىقۇت»بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى«خۇدا قۇت بەرگەن، مۇقەددەس بەخت ئىگىسى» دېگەنلىك بولاتتى. ئىدىقۇتنىڭ ھوقۇقى ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى ھوقۇق بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقنىڭ ئالىي قانۇن چىقارغۇچىسى ۋە ئىجراچىسى ئىدى.

بايرام كۈنلىرىدە ئىدىقۇت ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن مۇنبەرگە قويۇلغان ئالتۇن تەخت «چىركىن»دا ئولتۇراتتى. بېشىغا خانتاجى، ئۈستىگە قىزىل تون كىيەتتى، دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئەكابىر-ئەشرەپلەر ۋە داقا-دۇمباقچىلار بىللە بولاتتى.

ئىدىقۇتنىڭ ئاستىدا توققۇز ۋەزىر، بەگ، ئالتۇن تۆرە، مۇپەتتىش بەگ، چوڭ سانغۇن، ياساۋۇل بەگ، ئاستانە ئەتراپى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن بەگلەر، نازارەتچى، تامغاچىبەك، ئاغچى (غەزىنىچى)، تۇتۇق ھەمدە ئۆگە، ئولچى(ۋەزىرگە تەڭ)، يارغۇ (ئەدلىيە ئەمەلدارى)، يالۋاچ (ئەلچى) بولاتتى، پايتەخت قوچۇ ئىدى.

# قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار ئىدى. چۈنكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى كەڭ، بايلىقى مول، سۇ مەنبەسى تولۇق، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ئىلغار ئىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، كان مەھسۇلاتلىرى، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، شال، ئارپا، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە كېۋەز، ئۈزۈم، مېۋە-چېۋە، كۈنجۈت قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي بىلەن قارا ئاشلىق گىرەلەشتۈرۈلۈپ تېرىلاتتى، يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. قوچۇنىڭ پاختىسى داڭلىق ئىدى،كۆپىنچە رەخت توقۇلاتتى. پاختىدىن توقۇلغان ماتا، سەگەز يۇمشاق ھەم چىداملىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى بازاردا ئالماشتۇراتتى. سورتلۇق ئۈزۈملەرنى يېتىشتۈرۈپ ئالەمدە داڭق چىقارغان ئىدى. يەرلىك شارائىتقا ماسلاشتۇرۇپ يۈكسەك ئەقىل-پاراسەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كارىزدەك بۈيۈك كەشپىياتلار مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

كارىز بىرخىل مۇرەككەپ سۇ ئىنشائاتى بولۇپ تا بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىدى. كارىزلارنىڭ قېزىلىشى تۇرپان قومۇل ئويمانلىقىنى يەل-يېمىش ۋە تەك-ئۈزۈم ماكانىغا ئايلاندۇرغان. كارىزلار قومۇلدىن كۇچاغا قەدەر قېزىلغان بولۇپ باغۋەنچىلىك ۋە دىھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىقى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سانى مىسلىسىز كۆپەيگەن ئىدى. خانلىقتا ئات، كالا، تۆگە، ئېشەك، ئۆچكىلەر بېقىلاتتى. ئات كۆپىنچە قاتناش ئىشلىرىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سودا ـ سېتىقتا، ئاساسلىقى جەڭلەردە ئىشلىتىلەتتى.

خانلىقنىڭ زېمىندا كان بايلىقى مول بولۇپ،ئەينى زاماندا تۆمۈر رۇدىسى، قىزىل تۇز، نۆشۈدۈرنى بايقىيالىغان ۋە كەڭ قوللانغان.
خانلىق زېمىندا قول سانائەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ راۋاجلانغان بولۇپ، كان قېزىش، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كانچىلىق، قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتى قوچۇ خانلىقىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالمىشىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار بۇ تۆگۈننى كونترول قىلىپ، مەدەنىيەت تۈگىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. تارىخىي ھۆججەتلەر، كىلاسسىك ئەدەبىيات، دىنىي كىتابلار،قېزىپ چىقىرىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىزگە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بەردى.

## قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دىنلار

قوچۇ دەۋرىدە خانلىق زېمىندا بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنىدىن باشقا، شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى قاتارلىق باشقا ئىپتىدائىي دىنلارمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. خانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئىسلام دىنىمۇ كىرىشكە باشلىدى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مەھمۇت كاشغەرىي كۆرسەتكەن «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى، ئۇلار ئەشەددىي كاپىرلاردۇر»دېگىنى دەل قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى باشقۇرۇپ،

سەلتەنەت قوچۇۋاتقان ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا، بۇددىزم ئىدىيىسى ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇددا دىنى خانلىقنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. بۇددىغا ئائىت نۇرغۇن دىنىي كىتابلار تەرجىمە قىلىندى، بەزىلىرىنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە«ئالتۇن يارۇق»ئەڭ مەشھۇردۇر. بۈگۈنمىزدە بولارنىڭ شاھىتلىرى سۈپىتىدە سەلتەنەتلىك بۇددا مىڭ ئۆيلىرى، ئىبادەتخانىلار شۇ دەۋرنىڭ تىرىك ھۆججىتى سۈپىتىدە كۇچادا، تۇرپاندا، قەشقەردە ئۆزىگە يۈكسەك بىر سەلتەنەتنى يوشۇرۇپ ياتماقتا.

## قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا يېزىق

قوچۇ دەۋرىدە ئۇيغۇرلار دەسلەپ تۈرك يېزىقىنى، كېيىن سوغدى يېزىقىنى قوللىنىپ ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالدى. ئالىم مەھمۇت كاشغەرىي يازغان پۈتكۈل تۈرك ھاياتىنىڭ ھۆججىتى سۈپىتىدە بىزگە يېتىپ كەلگەن«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈرك تىلىدۇر، ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپلىك تۈرك يېزىقىنى قوللىنىدۇ. كىتاب، خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ، قەشقەردىن چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ يېزىقنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. بۇ يېزىق بۇددا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا قوللىنىلىپلا قالماي، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى، توختامنامە، تىلاۋەتنامە، شېئىر ـ نەزمە، ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىش ،يېزىش،پۈتۈش ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان. خان ئوردىسى ۋە خەلق ئىچىدە بۇ يېزىقنى يەنە ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللانغان. توختامنامە، ھۆججەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇشۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن. بۇنىڭ مەشھۇرلىرىدىن، «ئالتۇن يارۇق»«مايتىرى سىمىت»«ئوغۇزنامە»«قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىقلار بار. ئۇندىن باشقا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە تىجارەتنىڭ ۋە شۇنىڭغا ماس قانۇنچىلىقنىڭ گۈللەنگەنلىكى شۇ دەۋردىن قالغان نەچچە ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق توختامدا كۆرۈلىدۇ. بۇ توختاملارغا قارىساق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق تەلەپ داۋا ئىشلىرىدا مۇكەممەل بىر ئەدلىيە سىستېمىسى تۈرغۇزۇپ چىققانلىقى بىلىنىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى مەتبەئە تېخنىكىسىنى ھەرپلىك يېزىققا ماسلاشتۇرۇپ دۇنياغا ھەدىيە قىلغانلىقىدۇر. بۇ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا بىر يېڭى بەتنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدىغان يېڭىلىقىدۇر.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى 840 ـ يىلدىن 1321 ـ يىلغىچە داۋام قىلدى. قارا بايراق ئىشلەتتى.

# 5. قاراخانلار خانلىقى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، مىلادى 840 ـ يىلدىن 1212 ـ يىللىرىغىچە بىر قۇدرەتلىك خاقانلىق ـ قاراخانلار خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق 372يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار قۇرغان يەنە بىر مەشھۇر خاندانلىقتۇر.

مىلادى 840 ـ يىللىرى ئورخۇن بويىدىكى سەلتەنىتى ئاياغلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆتۈكەندىن يەتتە سۇ رايونىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىكى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلىرىدىن بولغان قارلۇقلار، ياغمىلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇلارنى قايتا تەشكىللەپ،يېڭى خانلىق ـ قاراخانلار خانلىقىنى بەرپا قىلغان. ئۇلارنىڭ تۇنجى خاقانى بىلگە كۆل قادىرخاندۇر.قاراخانلار دەسلەپ قارا بالاساغۇننى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت تىكلىگەن. كېيىن، ئوغۇلچاق دەۋرىدە پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكىگەن. بۇ سۇلالە نۇرغۇن تارىخنامىلەردە ئوخشاش بولمىغانناملاردا ئاتالغان.مەسىلەن:قاراخانلار خانلىقى، ئىلىكخان خانلىقى، قاغان خانلىقى، خاقانىيە خانلىقى، ئاپراسىياپ خانلىقى، تابغاچخان خانلىقى قاتارلىقلار. بۇ خانلىقنىڭ نامى كۆپ يىللىق ئەمەلىيەتتىن كېيىن چەتئەللەردە بىرلىككە كېلىپ، ئىلىم ساھەسىدە قاراخانلار خانلىقى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. قارا دېگەن سۆز قەدىمى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا نوقۇل قارا دېگەن رەڭنىلا ئەمەس. بۈيۈك، ئۇلۇغ دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ، شۇڭا قاراخانلارنىڭ خانلىرى ئۆزىنى قاراخان دەپ ئاتىغان. مەسىلەن: قاراخانلار دەسلەپ پايتەخت قىلغان بالاساغۇننى، قارا ئوردۇ، قارا بالاساغۇن دەپ ئاتىغان، ئۆزىنى قاراخانلار دەپ ئاتىغان...دېگەندەك.

قاراخانلار خانلىقى ساتۇق بۇغرا قاراخاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ باشچىلىقىدا ئىسلام دىنىنى 944 ـ يىلىدا قوبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلدى. قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي كۆچمەن قەبىلىلەر كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇشقا باشلىغان ھەم بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرنى تاماملىغان ئىدى. ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىلدى. قاراخانىلار خانلىقى قوللانغان تۈزۈم پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى.

## قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر

قاراخانىلار خانلىقى مەزگىلىدە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا مىسلىسىز گۈللەنگەن. سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىر تۈركۈم يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىندى. بولۇپمۇ يەتتە سۇ رايونىدا بىناكارلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدە بىر تۈركۈم ھەيۋەتلىك بىنالار سېلىندى، ئۇنىڭ بەزىلىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ، ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

قاراخانىلار دەۋرىدە كۆپلىگەن تۈركىي كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك مىللەتلىرى ئۇيغۇرلاشماقتا ئىدى. قاراخانىلار دۆلەت دىنىنى ئىسلام دىنى قىلغانلىقتىن، كەڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرمۇ دىنى جەھەتتىن ئىسلاملاشتى، پەن ـ مەدەنىيەتمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بىرخىل يېڭى مەدەنىيەت ئۇيغۇر ـ ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندى. بۇ خانلىقتا ھۆكۈمران مىللەت ھېسابلانغان قەدىمى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ يېڭى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى بولدى. بۇ دەۋردە ئىككى گىگانت ئەسەر ـ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» بارلىققا كېلىپ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىپ بەردى. ئەخمەت يەسەۋىينىڭ «دىۋانى ھىكمەت»، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن ئاسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. قاراخانىلار دۆلىتى ۋاقتىدا «قۇرئانى كەرىم» ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. خانلىق مەدرىسە ۋە ساچىيە مەدرىسىگە ئوخشاش دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلغان. قاراخانىلار ئىسلامنى دۆلەت دىنى قىلىپ ئۇيغۇرچە يېزىق ئىشلەتكەن، ئۇيغۇر تىلى دۆلەت تىلى بولغان، ئۇيغۇرچە ئىسلام مائارىپى بەرپا قىلغان ئىدى.

## قاراخانىلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى

قاراخانىلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئىلگىرىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆپ تەرەپلىمە ۋارىسلىق قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاجىكلار ۋە تۈرك قەبىلىلەرنى تەسەررۇپ قىلغان سامانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغانىدى. دەسلەپ قاراخانىلار «قوش خان تۈزۈمى» يەنى چوڭ قاغان ۋە ئىلىكخان تۈزۈمىنى قوللانغان. چوڭ قاغان «ئارسلانخان» دەپ ئاتىلىپ، بالاساغۇندا تۇرغان. مۇئاۋىن قاغان «قادىرخان»، (بۇ يەردىكى قادىرخان مەلۇم شەخسنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى قەيسەر، كەسكىن دېگەن سۈپەتنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتىلىپ، ئاۋۋال تالاستا تۇرۇپ، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلگەن. كېيىنكى چاغلاردا قاراخانىلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمران گۇرۇھى يەنە «بۇغراخان» «قاراخان»، «تابغاچ خان»، «ئىلىكخان» قاتارلىق ئۇنۋانلارنىمۇ قوللانغان. پۈتكۈل قاراخانىلار تارىخىدا چوڭ قاغانلار بەزىدە «ئارسلانخان»، «ئارسلان قاراخان» ياكى «بۇغراخان» دېگەن

www.uyghurkitap.c


ناملار بىلەن ئاتالغان.

## قاراخانلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

قاراخانلار بىرقەدەر سىستېمىلىق دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورناتقانىدى. قاغاننىڭ ئاستىدا: تېكىن، ئېركىن، سانغۇن، ئىنانچبەگ قاتارلىق مەرتىۋە دەرىجىلەر بار ئىدى. يەنە«ئالپ تېكىن» ،«تۇڭا تېكىن» ،«بۆرە تېكىن» ، «ياغان تېكىن» ، «چاغىر تېكىن» ، «توغرۇل تېكىن» ، «باھادىر» ، «قازىرخان» ، «قىلىچخان» ، «بىلگە خاقان» دېگەندەك تۈرلۈك پەخرىي ئۇنۋانلار بار ئىدى.«خاتۇن» ، «خانىش»لارنىڭ ئورنى ئىلگىرىكى ھاكىمىيەتلەردىكىدەك ئۇنداق گەۋدىلىك ئەمەستى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا قاراخانلاردا قاغان ۋە مۇئاۋىن قاغاندىن باشقا مەركەز ۋە جايلاردا يەنە مۇنداق ئەمەلدارلارمۇ بولغان:

«يۇغۇرۇش» (باش ۋەزىر)، «تايانغۇ» ياكى «ھاجىپ» (يارلىق يەتكۈزگۈچى ۋەزىر)، «ئوردا باشى» (ئوردا ۋەزىرى)، «سۇ باشى» ياكى «سانغۇن» (باش قوماندان ياكى ئەمىرلەشكەر)، «ئاغىچى» (مالىيە ۋەزىرى)، «قوۋۇقچىباشى» (ئىچكى مۇھاپىزەت ۋەزىرى)، «ئىلىمگەر»ياكى«بىتىكچى» (كاتىپ)، «يابغۇ» ، «بۇيرۇق» ، «تارخان» ياكى «بەگ» ، «توقسۇن» (ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار)، «چاۋۇش» (تەكشۈرگۈچى)، «تۈيزۇن» (يىزا باشلىقى)، «چوپان» (يىزا باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى) قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار بار ئىدى، خاقاننىڭ چەتئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى «يالۋاچ» دەپ ئاتىلاتتى.

## قاراخانلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك

قاراخانلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە دېھقانچىلىقنى

ئاساس قىلاتتى. باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك ئاجايىپ تەرەققىي قىلغانىدى. قاراخانىلار زېمىندىكى قەشقەر ۋە بۇخارا دۇنيانىڭ مەدەنىيەت، تىجارەت، مائارىپ ۋە پۇل-مۇئامىلە مەركەزلىرىگە ئايلانغان. قاراخانىلار دەۋرىدە يىپەك يولى مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان بولۇپ ئۇيغۇرلار تىجارەتنى ۋاستە قىلىپ شەرق بىلەن غەرپ مەدەنىيىتىنى بىر بىرىگە باغلىغان، ئۇچۇر، بىلىم، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تارقاتقان. قاراخانىلاردەۋرىدە يىپەك يولىنى بويلاپ تۈنجى پوچتاخانا، شىپاخانا، كارۋان سارايلار قۇرۇلغان.

## قاراخانىلارنىڭ بۆلۈنىشى ۋە زاۋاللىقى

قاراخانىلار دۆلىتى ئەڭ كۈچلەنگەن يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن 1042-يىلى غەربى قاراخانىلار ۋە شەرقى قاراخانىلار دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. شەرقى قاراخانىلار دۆلىتى بالاساغۇننى يازلىق پايتەخت، قەشقەرنى قىشلىق پايتەخت قىلسا، غەربى قاراخانىلار ئۆزكەنتنى پايتەخت قىلدى. غەربى قاراخانىلارنى خارەزىم شاھلار1212-يىلى يوقاتسا، شەرقى قاراخانىلار خانلىقى 1211-يىلى قارا خىتايلارنىڭ قولىدا خاراپ بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 6. قارا قىتانلار، موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلار

## قارا قىتانلار ۋە ئۇيغۇرلار

قارا قىتان خانلىقى(بۇ خانلىق خىتايچە مەنبەلەردە غەربىي لياۋ دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە قارا خىتاي، قارا قىتان دەپ ئاتىلىدۇ) قەدىمىي مىللەت قىتانلار قۇرغان بىر ھاكىمىيەت. قىتانلار ئەسلىدە قەدىمكى مانجۇرىيەدىكى لياۋخې دەرياسى ۋادىسىدا ياشايتتى. X ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇدرەت تېپىپ قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى. X ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا مانجۇرىيە ۋە سەنشى، خېبېي، موڭغۇل دالاسى ئەتراپلىرىدا ھاكىمىيەت قۇردى. قىتانلار ھاكىمىيتى ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشتى. كېيىن جۇرجىتلارنىڭ ھۇجۇمىدا زەئىپلىشىپ، مىلادىيە 1122 ـ يىلى پايتەختىنى جۇرجىتلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، لياۋ سۇلالىسى زاۋال تاپتى.

1124 ـ يىلى، لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن يوللىغ تاشىن لياۋ سۇلالىسىنىڭ تىيەنزۇ خانى بىلەن كېلىشەلمەي، ئۆزىنىڭ بىرقىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلىدى. 1130 ـ يىلى، يوللىغ تاشىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. 1132 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىنىغا يېتىپ بېرىپ،شۇ زاماندىكى خارەزم قاتارلىق دۆلەتلەرنى بويسۇندۇردى ، بۈگۈنكى ئىرانغا مەنسۇپ كىرماندا خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى گۇرخان دەپ ئاتىدى.

تارىختىكى قارا قىتانلار خانلىقى ئەنە شۇ ئىدى. قارا قىتانلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 80 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈردى. قاراقىتانلار دەۋرىدە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى يەنىلا ئۇيغۇر خانى ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت ئىدى.ئوخشىمايدىغىنى ھاكىمىيەت

قاراقىتانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ قارا قىتانلارغا تەۋە ئىدى، ئۇلار بىر نەپەر باسقاق تەيىنلەپ نازارەتچىلىك قىلاتتى. باشقا رايونلارنىمۇ شۇخىل يوسۇندا باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. قارا خىتايلار شەرقى قاراخانىلار خانلىقىنى 1211-يىلىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي يوق قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى شەرقى ئاسىيادا ياشايدىغان نوپۇسلۇق مىللەتنى خىتاي دەپ ئاتىشى مۇشۇ تارىخنىڭ قالدۇقى. خىتاي دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدىن روسچە، ئۇكرائىنچە، گروزىنچە قاتارلىق تىللارغا كىرىپ بۈگۈنكى خىتايلارنى بىلدۈرىدىغان بولىدى.

## موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇيغۇرلار

موڭغۇللار **XII**-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي كۈچەيگەن بىر يېڭى مىللەت ئىدى. بۇ مىللەت ئۆز قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنى ۋە قاراقىتان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنى بويسۇندۇردى. چىڭگىزخان تارىختا موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنى بويسۇندۇرغان ۋە زور موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان مەشھۇر ئەربابتۇر. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان غەربكە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ۋاقىتتىلا موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغانىدى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدا مۇھىم كۈچ بولۇپ، زور رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنى جەڭگىۋارلىقتا ئىگە قوشۇن بولۇپلا قالماي، ئىنتىزامىمۇ كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ھەممە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. چىڭگىزخان ئىدىقۇتنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپە نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرلىرىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا ئۆز ئۇنۋانىنى داۋاملىق قوللىنىشىغا، ئەسلى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



كەلگەن زېمىننى ساقلاپ قېلىشقا، يەنىلا قارا قوچۇنى پايتەخت قىلىشقا رۇخسەت قىلغانىدى. موڭغۇللار بۇ يەرگە دارغاچ ئەۋەتىپ نازارەت قىلدى. ئىدىقۇتنىڭ مەرتىۋىسى چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان باشقا جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن كۆپ يۇقىرى تۇراتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىمۇ چىڭگىزخان بىلەن سىياسىي جەھەتتە يېقىن ئۆتەتتى. چىڭگىزخان ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى خانلىرىمۇ بۇ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدىلا يېقىن سىياسىي مۇناسىۋەتنى قۇدىلىشىش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىشنى ئېنىق بەلگىلىگەنىدى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ قىزى ئالتۇن بېكەنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلىپ، ساداقىتىنى تەقدىرلىمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئالتۇن بېكە بالدۇر ئۆلۈپ كېتىپ ئەمەلگە ئاشمىدى. موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىز بېرىپ يېقىن سىياسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاشتەك ئەنئەنىسى ئىزچىل داۋام قىلغان. مەسىلەن: قوچۇ ئىدىقۇتىدىن نۇرىن تېكىن قۇبلاينىڭ ھوزۇرىغا سالامغا بارغاندا، قۇبىلاي بۇرھان بېكە(مەلىكە)نى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. بېكە ئۆلگەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ سىڭلىسى باباچانى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلدى. باباچا بېكە ئۆلگەندىن كېيىن، نۇرىن تېكىن يەنە ئەنشى ۋاڭى ئاناندانىڭ قىزى ئۇراجىننى خوتۇنلۇققا ئالغان. نۇرىن تېكىننىڭ ئوغۇللىرىمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىدە دىۋان ۋەزىرى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، قارا دىۋان مىرزىسى، زوراغالىق بېگى، دىۋان پۈتۈكچىسى، سول قول ۋەزىرى، ۋەلىئەھدىنىڭ ھەرەم ئىشلىرى ئەمەلدارى، ئوردا باش تەپتىش بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپىرىيەسىدە ئۇستاز، مىرزا(كاتىپ)، قوماندان قاتارلىق روللارنى ئوينىغان. 1204 ـ يىلىدا چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ پۈتۈكچىسى بولغان ئۇيغۇر تاتاتوڭانى ئەسىر ئالغان ۋە موڭغۇللار ئۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەنگەن. دۇنياغا ئەڭ بۈيۈك ئىمپىرىيە بولۇپ تونۇلغان بۇ دۆلەتنىڭ

دۆلەت تىلى ئۇيغۇرچە بولغان، بارلىق بۇيرۇق پەرمانلار ئۇيغۇرچە يېزىلغان. ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىپ چاغاتاي خانلار، ئالتۇن ئوردا، ئىلخانلارغا بۆلۈنگەندىمۇ ئۇستازى سۈپىتىدە ئىدارە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، تا ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 7. چاغاتاي خانلاردا ئۇيغۇرلاشماق

## چاغاتاي خانلىقىنىڭ قىسقىچە ئومۇمىي ئەھۋالى

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقىدا تىكلەنگەن ھاكىمىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خانلىق-موڭغۇللارنىڭ تۆت چوڭ خانلىقىنىڭ بىرى بولۇپ، باشتا بۇ خانلىقتا چاغاتاي ئۆزى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، لېكىن، چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ جاساق قانۇنىغا سادىق بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ خانلىقىنى موڭغۇلىيە ئىمپېرىيىسىدىكى چوڭ خانغا قاراشلىق دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىپ، خانلىق ھاكىمىيىتىنى موڭغۇل خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى چوڭ خان تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بەزىلىرى موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي خانى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈنلەي قارشىلاشتى ۋە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەتكە ئايلاندى. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان چاغاتاي خانلىقى چاغاتاي ھايات ۋاقتىدىكى چوڭ خانغا بويسۇنىدىغان ھاكىمىيەتتىن باشقا، موڭغۇل مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلكىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ھاكىمىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مىلادىيە 1225-يىلى (چىڭگىزخاننىڭ 20-يىلى) چىڭگىزخان ئۆز ھۆكۈمرانلىق تەۋەسىدىكى زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى. چاغاتايغا ئايرىلغان زېمىن بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقى (ماۋارائۇننەھر)، سىر دەرياسىنىڭ ئۇلۇغ قىتى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، فەرغانە، بەدەخشان يايلىقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. پايتەختى ھازىرقى غۇلجىدا ئىدى،

كېيىن ئالمالىققا كۆچۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كاشغەر(قەشقەر)، ياركەنت (يەركەن)، خوتەن، ئاقسۇ بوستانلىقلىرىنى چاغاتاي ۋاپات بولۇش ئالدىدا دوغلات جەمەتىگە ئىنئام قىلغانىكەن. شۇڭا، دوغلاتلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ ئاتا مىراس ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. 1241-يىلى چاغاتاي 14يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ئۆلدى. 1318-يىللىرى كەبەك پايتەختنى ئالمالىقتىن سەمەرقەنتكە يۆتكىدى، بۇ ۋەقە ئىلى ۋادىسىدىكى ئاق سۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي قىسىم ئالمالىقنى پايتەخت قىلىپ كاشغەر(قەشقەر)، تۇرپان تەرەپلەردىكى دائىرىنى باشقۇردى. غەربىي تەرەپ سەمەرقەنتنى مەركەز قىلىپ ماۋارائۇننەھر رايونىنى باشقۇردى.

1321-يىلى كەبەك ئۆلدى. تەختكە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئىلغتاي بىلەن دۇلەت تېمۇر كەينى-كەينىدىن ۋارىسلىق قىلدى.1331-يىلى تېمۇر ئۆلۈپ،ئورنىغا دارمەسىرىن ۋارىسلىق قىلدى. دارمەسىرىن ئۇزۇن ۋاقىت غەربىي چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خۇراسان چېگرىسىدا تۇردى ھەم بۇددا دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. يەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، كىشىلەر چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىنى«موغۇلىستان» دەپ ئاتايدىغان بولدى.XIV-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلىرىغا ئاقسۇ رايونىدا تۇرۇشلۇق دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئاق سۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1348-يىلى بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى بۇلاجى تۇغلۇق تېمۇر دېگەن بىر ياش ئاق سۆڭەكنى ئاقسۇدا چاغاتاي خانلىقىغا خان قىلىپ تىكلىدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھەممىدىن بۇرۇن باش ئېگىپ، تۇغلۇق تېمۇرنى قانۇنلۇق ۋارىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى. تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان رايونلار تارىختا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى. بۇ دەۋردە موغۇللار ئومۇميۈزلۈك ئۇيغۇرلۇققا قاراپ يۈگۈرلۈشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسى مىللەت گەۋدىسى موغۇللارنىڭ پەرقلىق

قەبىلەر ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بۈگۈنكى مەنىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئېرىشتى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، 1513-يىلى سۇلتان سەئىدخاننىڭ يەكەننى پايتەخت قىلىپ بېكىتىشىنىڭ ئالدىنقى يىلىغىچە 166 يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم دەۋرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچۈپ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم موڭغۇللارمۇ ئىسلاملاشتى-يۇ، لېكىن موڭغۇللارنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرىنىمۇ ساقلاپ قالدى. تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى. ئۇنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە دالالەت قىلغان كىشى-كۇچالىق مەۋلانە ئەرشىدىن ئىدى . تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىسلام دىنىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا مەجبۇرىي يولغا قويغان. مۇشۇ باسقۇچتا ئۇيغۇرلاردا تۇرپان ۋە قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى مەدەنىيەت مەركىزى شەكىللەندى. 1565-يىلدىن باشلاپ پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونى ياركەنت (يەركەن)-سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە ئۆتتى.

# 8. ياركەنت (يەركەن) سەئىدىيە خانلىقى

يەركەن سەئىدىيە خانلىقى 1514-يىلى سەئىدخان قەشقەردە بىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قۇرۇلغان سەئىدخان ھاكىمىيىتىدىن باشلاپ، 1678-يىلى ئىسمائىلخان ئەسىرگە ئېلىنغانغا قەدەر 166يىلدىن كۆپرەك سەلتەنەت سۈردى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ260يىل داۋام قىلدى. ئالتە ئەۋلاد ، 11 خانلىق دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. خانلىق ئەڭ گۈللەنگەن چاغدا پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، ئىسسىقكۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە ۋاخان رايونى، كەشمىر، تىبەتنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

ياركەنت (يەركەن) خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ ئۇلۇغ بوۋىلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلاشقان كىشىلەر ئىدى.ياركەنت (يەركەن) خانلىقى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى قوللاندى. ھەربىر خان تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ھەممىدىن مۇھىم ئىشى يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغاللىق بۆلۈپ بېرىش ئىدى. خانلىقنىڭ مەنسەپ تۈزۈمى مۇرەككەپرەك ئىدى.ئوردىدا ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدار ۋەزىر ئىدى. تامغىچى بەگ ۋەزىردىن سەللا تۆۋەن تۇراتتى. خاننىڭ باش ياساۋۇلى 3-ئورۇندا تۇراتتى. سوتچى«قازى»دەپ ئاتىلاتتى ۋە دىنىي ئىشلاردا قۇرئان بويىچە دەۋا سورايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت غەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بارئىدى. يەرلىك ئەمەلدارلار ئاساسەن خان ئوردىسى تەيىنلىگەن مەمۇرلار ئىدى.

ياركەنت (يەركەن) خانلىقى دەۋرىدە ئىگىلىك گۈللەنگەن، خەلق پاراۋان، ئەمىن مۇھىتقا ئېرىشكەنىدى.خەلق قۇمۇلدىن سەمەرقەنتكە يالغۇز بىمالال يول يۈرەلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. قول-سانائەت مىسلىسىز گۈللەنگەن، مەدەنىيەت-سەنئەتمۇ تەرەققىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ دەۋردە 12مۇقام رەتلەنگەن، «تارىخىي رەشىدى» يېزىلغان، «تاۋارىخى رەشىدى زەيلى»، «ئانىس ئەل تالىبىن» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. تەسەۋۋۇپ ئېقىمى پۈتۈن ئۇيغۇرلاردا مىسلىسىز يىلتىز تارتىپ ھاكىمىيەتنىمۇ تەۋرەتكەن، كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

# 9. مانجۇ خانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار

مىلادىيەنىڭ 1616-يىلى نۇرخاچ مانجۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كېيىنكى جىن ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1636-يىلى، قۇنتەيجى سۇلالە نامىنى چىڭغا ئۆزگەرتىپ شىنياڭنى پايتەخت قىلدى. 1644-يىلى شۇنجى پايتەختنى بېيجىڭغا يۆتكەپ، پۈتۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەتراپتىكى بارلىق كۆچلەرنى بويسۇندۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك بىرلىككە كەلتۈرۈش كۆرىشىنى باشلىدى.

XVI-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان موڭغۇللاردىن بولغان ئويراتلار جۇڭغار، تۇرغۇت، دۆربۆت ۋە خوشۇت دېگەن تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى باتۇر قۇنتەيجى بالقاش كۆلىنىڭ شىمالى، ئىلى رايونى، ئېرتىش بويلىرى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالدى. 1677-يىلى غالدان چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى چىڭخەي-تىبەت ئېگىزلىكىگە قەدەر كېڭەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن غالدان نىشانىنى تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتتى. 1678-يىلى بارلىق كۆچلەرنى توپلاپ ئىشقىيە تەرەپتارلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا ياركەنت (يەركەن) خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىلخاننى تۇتۇپ خانلىقنى مۇنقەرز قىلدى. ھىدايىتۇللا ئاپاقنى خان قىلىپ تىكلىدى. 1696-يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غالداننى مەغلۇپ قىلدى. غالدان مەغلۇبىيەتكە چىدىماي ئۆلۈۋالدى. غالدان ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. سىۋېن ئارابدان غالداننىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. غالدان ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەتخان جۇڭغارلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن قارشىلاشتى، لېكىن سىۋېن ئارابدان ئۆلەرنى باستۇرۇپ، 1700 ـ يىلى ئەھمەدخاننى ئىلىدا نەزەربەنت قىلىپ قويدى.

جۇڭغار خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا 73يىل ھاكىملىق قىلدى. غالدان ئۆلگەندىن كېيىن قۇمۇلنىڭ بېگى ئەبەيدۇللا بەگ جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. 1597 ـ يىلى كاشىشى ئەبەيدۇللا خاننى تارتۇقلىدى. 1720 ـ يىلى تۇرپان ھۆكۈمرانى ئاق سۇلتان چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. 1755 ـ يىلى چىڭ قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنى بېسىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ مۆتىۋەرى خوجاسى بەگ بىلەن ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاپ بەگنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاپاق خوجامنىڭ نەۋرىسى ئەھمەدخاننىڭ بالىلىرى بۇرھاندىن خوجا بىلەن خوجاجاھان خوجىنىڭ تۆرە بولۇپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قوشۇلدى.

بۇرھاندىن خوجا(تارىختا چوڭ خوجا دېيىلىدۇ) بىلەن خوجا جاھان (تارىختا كىچىك خوجا دېيىلىدۇ)ھوقۇقلىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، 1757 ـ يىلى «باتۇرخان دۆلىتى»دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ چىڭ سۇلالىسىدىن قول ئۈزدى. 1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتتى.1759 ـ يىلى خوجىلار ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي بەدەخشانغا چېكىندى. بەدەخشان پادىشاھى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىككى خوجىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ چىڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالى چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن تەگمەي، مىراس قالدىغان بەگلىك تۈزۈمىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگىلا ئۆزگەرتىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكە تۈزۈمى قۇرۇلغانغا قەدەر، يەككە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك

ئاساسىغا قۇرۇلغان فېئودال خوجىلىق تۈزۈمى-ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بولۇپ كەلدى. بۇ تۈزۈم بويىچە جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ھەر دەرىجىلىك چوڭ-كىچىك ھاكىمبەگلەر ۋە بەگلەردىن تەركىب تاپاتتى. بەگلەرنى چىڭ ھۆكۈمىتى بىۋاستە بەلگىلەيدىغان ۋە قالدۇرىدىغان بولدى.

ياركەنت (يەركەن) خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى گۈللەندى. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىقتىسادى خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقىرىشتا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلاتتى.قول سانائىتىمۇ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇيغۇرلار بازار شەكلى ئارقىلىق سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەتمۇ گۈللەندى. يېزىقى جەھەتتە يەنىلا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىناتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللەندى. خىرقىتى، زەلىلى، نۆۋبىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئابدۇللا خاراباتى، ئۆمەر ھۆسەيىن سەبۇرى، موللا بىلال قاتارلىق مەشھۇر ناماياندىلەر بارلىققا كەلدى. 12مۇقام تېخىمۇ بېيىدى.

# 10. ئۇيغۇرلاردا كۈرەش ۋە خوجىلار ۋەقەسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بىرقانچە قېتىم كۈرەش قىلدى. بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئاساسلىقى 1765-يىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى(جىگدە يېغىلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە 1815-يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زىياۋۇدۇن خوجا ۋەقەسىدۇر.

ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى 1765-يىلى(چيەنلوڭنىڭ 30-يىلى)يۈز بەردى. قوزغىلاڭغا يەرلىك فېئوداللار بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلققە يۈرگۈزگەن زوراۋان-زالىملىقلىرى سەۋەب بولدى.

1765-يىلى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچېڭ ئۇيغۇرلارنى جىگدە كۆچىتى توشۇش ھاشىرىغا سالدى، بۇ جەرياندا خەلققە سالغان زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن شۇ يىلى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى رەھمەتۇللا بەگنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يامۇلغا بېسىپ كىرىپ،چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك خان ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈپ، يامۇلغا ئوت قويۇۋەتتى. ئاقسۇنىڭ خان ئامبىلى ئەسكەر چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇچتۇرپان خەلقى چىڭ چېرىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالتە ئاي يۇرتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى. كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەر بىلەن ئىلىدىن نۇرغۇن چېرىك يۆتكەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى.8-ئاينىڭ 15-كۈنى قوزغىلاڭ رەھبىرى رەھمەتۇللا بەگكە ئوق تېگىپ قازا قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى.

## زىياۋۇدۇن خوجا ۋەقەسى

1815-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى زىياۋۇدۇن خوجا قەشقەردە چىڭ هۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى بەزى ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلىرى ئۆلتۈرۈلدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئات خانىسىغا ئوت قويۇۋەتتى. قوشۇن سانى ئاز بولغانلىقتىن قوزغىلاڭ بىر ئايغا ئاران بەرداشلىق بېرىپ مەغلۇپ بولدى. بۇ قوزغىلاڭ هېسابتا ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ داۋامى ئىدى.

## جاهانگىر خوجا ۋەقەسى

جاهانگىر خوجا بۇرهانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. بۇرهانىدىن خوجا قوزغىغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سامساق قوقەنت خانلىقىغا سىغىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، جاهانگىر خوجا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. 1824-يىلى كۈز پەسلىدىن، ياندۇرقى يىلى كۈز پەسلىگىچە جاهانگىر خوجا ئادەم توپلاپ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا هۇجۇم قىلدى. 1826-يىلى يازدا 500دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ تۇيۇقسىز ئارتۇچ (ئاتۇش) قا هۇجۇم قىلدى. ئۇ ئاتا-بوۋامنىڭ قەبرىسىنى يوقلايمەن دەپ مازار بېشىغا بېرىپ ئاق تاغلىق مۇسۇلمانلارنى غازاتقا چاقىردى. قەشقەر، ياركەنت (يەركەن)، يېڭىسار، خوتەن قاتارلىق شەهەردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئاق تاغلىقلار تۇشمۇ تۇشتىن ئاۋاز قوشۇپ، ناهايىتى تېزلىكتە غەربىي تۆت شەهەرنى ئالدى. ئىلى جىياڭجۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 300دىن ئارتۇق چېرىكى تىرىك قولغا چۈشتى.

1826-يىلى كۈزدە ، چىڭ سۇلالىسى جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن قاتارلىق بەش ئۆلكىدىن يۆتكىگەن قوشۇنى بېسىپ كىرىپ ئاقسۇدا جاهانگىر خوجا قوشۇنلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



ئۆچراشتى. جاھانگىر خوجا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ قوقەنتكە كەتتى. 1828-يىلى ئۇ يەنە كۈچ توپلاپ هۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قارا تاغلىقلار قارشى تۇردى ۋە جاھانگىر خوجا شۇلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالدى. شۇ يىلى يازدا جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## يەتتە خوجا ۋەقەسى

يەتتە خوجا دېگىنىمىز مۇھەممەتئىمىن خان خوجا(كاتتا تۆرە)، كىچىك خان خوجا، تەۋەككۇل خوجا، سابىرخان خوجا، ۋەلىخان خوجا، ئاق قوچقارخان خوجا، ئىشانخان خوجىلاردىن ئىبارەت يەتتە كىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ يەتتە خوجىنىڭ ھەممىسى جاھانگىر خوجىغا بىۋاستە تۇغقان، ئاندىن چوڭ-كىچىك خوجا، ئاپپاق خوجىلارغا تۇتىشىدۇ.

1847-يىلى 9-ئايدا جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مەمتىمىن بىلەن ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا تەخمىنەن 1000ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ قوقەندىن قەشقەر شەھرىگە كىردى، مىڭيول قاراۋۇلخانىسىدىكى چىڭ چېرىكلىرىنى تولۇق يوقاتتى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ 3000دىن ئارتۇق ئەسكىرى قەشقەر شەھرىدە بار بولسىمۇ زەربە بېرىشكە پېتىنالماي، يېڭى شەھەر قەلئەسىگە بېكىنىۋېلىپ ياتتى. خوجىلار يەرلىكتىكىلەرنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن قەشقەر شەھرىنى ئالدى. يېڭىسار، يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى. چىڭ سۇلالىسى زور قوشۇن باشلاپ چىقىپ ئۈستۈنلۈك قازاندى. يەتتە خوجىنىڭ هۇجۇمى 9-ئايدىن 11-ئايغىچە ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. بۇ تارىختا يەتتە خوجا ۋەقەسى دېيىلىدۇ.

# ۋەلىخان تۆرە ۋەقەسى

1857-يىلى 6-ئايدا ۋەلىخان تۆرە يەنە بىر بۆلۈك ئادىمىنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويدى، يېڭىسارنى ئالدى، مارالبېشى، ياركەنت (يەركەن) قاتارلىق جايلارغا تەسىر قىلدى. قەشقەر يېڭىشەھەرنى سۇغا باستۇردى، مارالبېشىدا ھەربىي بېكەتنىڭ ئۆيلىرى، دۇكانلىرىغا ئوت قويدى. يەركەنگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. يەركەندىن خوتەنگە بارىدىغان پوسكام، لوپ، باش ئېرىق، گۇما، مۇجى قاتارلىق يوللارنى ئىشغال قىلىپ، خوتەن بىلەن يەركەن ئارىسىدىكى ئالاقە ئىشلىرىنى ئۈزدى. 1857-يىلى 9-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن ئەسكەر يۆتكەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ۋەلىخان تۆرە قوقەنتكە چېقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 11. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان قوزغىلاڭلار ۋە ۋەزىيەت

1857 ـ يىلى كۇچا ئۇيغۇرلىرى چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەغلۇپ بولدى. بۇ قوزغىلاڭ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ،چىڭ ھۆكۈمىتىنى خېلى ئوبدان چۆچۈتتى ۋە بىر قىسىم يەرلىك سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولدى. كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ قوزغىلىشى XVIV ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

1864 ـ يىلى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلار بىرلىكتە كۇچادا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى يەنىمۇ زور كۆلەمدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1864 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇڭگان، ئۇيغۇر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە كېڭەيدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يەركەندە، 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېڭىساردا، 7 ـ ئاينىڭ29 ـ كۈنى قەشقەردە، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچى قوزغىلاڭچىلىرى مانجۇ قەلئەسىنى ئالدى.11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىيارىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىلى مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىنىپ 1866 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى كۈرەسىنى تولۇق ئالدى.

ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنى ئاساس قىلغان بۇ قوزغىلاڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىپ،چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىيارىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈنلەي يىمىرىپ تاشلىدى.

1865 ـ يىلى باھاردىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىنقىلاپلارنىڭ ۋەزىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىش

بولدى:

**كۇچادا:** قوزغىلاڭچى قوشۇن كۇچا شەھرىنى ئالغاندىن كېيىن، كۇچانىڭ ئىنانچىبىگى ئەمەتبەگنى رەھبەرلىككە تەكلىپ قىلسا ئۇنىماي ئۆلتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار راشىدىن خوجىنى رەھبەرلىككە تەكلىپ قىلدى. راشىدىن خوجا تەكلىپكە بىنائەن تەختكە چىقىپ ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى.

**ئۈرۈمچىدە:** تۇڭگان داۋۇت خەلىپە ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ جاكارلاپ، سۇخۇەنجاڭنى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىدى. ھىجرىيە يىلنامىسى قوللاندى، ئۈرۈمچىدە تۇڭگان قەلئەسىنى، مانجۇ قەلئەسىنى ئالدى، تەسىرىنى تۇرپانغىچە كېڭەيتتى.

**ئىلىدا:** مەزەمزاتمۇ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتاپ، زېمىن ئىگىلەپ ياتقاندى، كېيىن، موللا شەۋكەت ئاخۇن سۇلتانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىچكى نىزا سەۋەبلىك موللا شەۋكەتمۇ دەرياغا تاشلاندى.

**قەشقەر ۋە يېڭىساردا:** تۇڭگانلاردىن لەن فاچۈن، ۋاڭ دىچۈنلەر خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەردە ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى توختى مامۇت ئەلەم ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قىپچاق قەبىلىسىدىن سىدىقبەگ ھوقۇق تارتىۋېلىپ تەختكە چىقتى.

**خوتەندە:** كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن بايدا ھاكىمبەگ بولغان ئېزىز ئاقسۇدىن خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەبىبۇللا مۇپتىنى باشلىق قىلىپ، ھەزرىتى پاشا دەپ ئاتىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە كۇچا، ئۈرۈمچى، ئىلى

ئۈچ ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرى زور، ئىگىلىگەن دائىرىسىمۇ كەڭ ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنى خان دەپ جاكارلاپ تارقاق ھاكىمىيەت شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى سىدىقبەگ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ياقۇپبەگنى باشلاپ كەلدى.

# 12. ياقۇپبەگنىڭ يەتتە شەھەر دۆلىتى

1864 - يىلى يازدا، قىپچاقلارنىڭ باشلىقى سىدىقبەگ قەشقەرنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. ئۇ يېڭىشەھەر ۋە يېڭىساردىكى چىڭ قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوقاندىن ياقۇپبەگنى باشلاپ كەلدى. ياقۇپ بەگ 1865 - يىلى 1 - ئايدا دىيارىمىزغا كىردى.

ياقۇپبەگ قەشقەر كوناشەھەرگە بېسىپ كىرىپلا، بۇزرۇكخاننى خوجىنى تەختكە چىقاردى، سىدىق بەگنى قوغلاپ چىقاردى. ياقۇپبەگ قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، يەركەن، يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇ جايلارنىمۇ ئالدى. 1865 - يىلى كۈزدە، قەشقەر، يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 3000كىشىلىك قوشۇنىنى يېڭىپ يېڭىشەھەرنى ئالدى. 1865 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوتەندىكى ھەبىبۇللا پاشاغا بۇزرۇكخان خوجا نامىدىن مەكتۇپ يوللاپ «خوتەندىكى بارلىق مازايى ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىشىنى» تەلەپ قىلدى. ھەبىبۇللا خان پاشا تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى خوتەنگە تەكلىپ قىلدى. ياقۇپبەگ قارشى ئالغىلى چىققان پاشانى قولغا ئېلىپ خوتەننى قىرغىن قىلىپ ئالدى. 1867 - يىلى راشىدىن خوجىنىڭ تەسىرىدىكى كۇچا، ئاقسۇ، قاراشەھەرگە يۈرۈش قىلىپ ئاۋۋال ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، قارا شەھەرنى بىر - بىرلەپ ئالدى.

ياقۇپبەگ ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى ئىشغال قىلىپ، تارقاق ھاكىمىيەتلەرنى بىر - بىرلەپ يىغىشتۇرۇپ يەتتەشەھەر ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئۆزىنى «بەدۆلەت» دەپ ئاتىدى، قوقەنت خانى ئۇنىڭغا ئاتالىق غازى ئۇنۋانىنى بەردى. 1869 - يىلى ياقۇپبەگ بۇزرۇكخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ھەج قىلدۇرۇش باھانىسى بىلەن چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1870 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، ماناس قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى تولۇق، شىمالىنى قىسمەن ئىگىلەپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتتى. ياقۇپبەگنىڭ شىمالغا داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئىلى سۇلتانلىقىنى چارروسىيە بېسىۋالدى.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق جەريانىدا ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئوسمانلى(بۈگۈنكى تۈركىيە) ئىمپېرىيەسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ئۇنىڭغا مىراخورباشلىق ئۇنۋانى بەردى. ياقۇپبەگ يۇرتنى ئىسلام يوسۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈزۈملىرى بويىچە سوردى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1875 ـ يىلى زوزوڭتاڭغا خان مۇپەتتىشلىك ئۇنۋانىنى بەردى. زوزوڭتاڭنىڭ باش قوماندانى لىيۇجىنتاڭ 1876 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، 1878 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە زوزوڭتاڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىدىن باشقا جايلارنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ 13يىللىق ھاكىمىيىتى ئاياغلاشتى.

# 13. ۋەتىنىمىزنىڭ بېسىۋېلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

## ئۆلكە بولغاندىن كېيىن

چىڭ سۇلالىسى دىيارىمىزنى باسقاندىن كېيىن، 1762 ـ يىلى ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدار سۈپىتىدە ئىلى جاڭجۈنىنى تەسىس قىلدى. ئىلى، چوقچۇ (ھازىرقى چۆچەك)، قەشقەرگە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ قول ئاستىدىكى مەسلىھەتچى ئامبال ئەۋەتتى. ئۈرۈمچىگە بويۇرغا، قالغان جايلارغا خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال تەيىنلىدى. دىيارىمىزدا ئىلگىرى داۋاملىشىۋاتقان سىياسىي تۈزۈمنىمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى يەرلىك مەمۇرىيەت تۈزۈمى ئاساسەن ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى، جاساق ۋە بەگ تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولدى. 1882 ـ يىلى چارروسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بەردى.

1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى دىيارىمىزغا بىر سەييارە مۇپەتتىش، بىر پەرمانچى تەيىنلىدى. 19 ـ كۈنى، لىيۇجىنتاڭ سەييارە سىلاۋچىسى(شۇنفۇ) بولۇپ رەسمىي تەيىنلەندى. ھەممە خان مۇپەتتىشى مەرتىۋىسى بىلەن ھۆكۈم سۈردى. شۇنىڭ بىلەن دىيارىمىزنى ئۆلكە قىلىش تاماملاندى. دىيارىمىزنىڭ ئۆلكە بولۇپ، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇيغۇر تارىخىدىكى زور ۋەقە ئىدى. 1887 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# 14. دىيارىمىزدا شىنخەي ئىنقىلابى

XX ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە پۈتۈنلەي تىز پۈكتى، ئىچكى جەھەتتە ھەر مىللەتنى دەھشەتلىك باستۇردى. 1901 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ خانى «قانۇننى ئۆزگەرتىش»توغرىسىدا پەرمان چىقاردى ۋە يېڭى سىياسەت يولغا قويدى. 1902 ـ يىلى بۇ «يېڭى سىياسەت» دىيارىمىزغا كەلدى. 1905 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ختاي تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، مانجۇ خانىنى ئاغدۇرۇپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرغا قويدى. 1911 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئىنقىلابچىلار ۋۇچاڭدا قوراللىق شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ، دۆلەت نامىنى «جۇڭخۇا مىنگو»دەپ ئاتاپ، مانجۇ خانلىقىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. شىنخەي ئىنقىلابى ختايدا 2000يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، جۇمھۇرىيەت قۇردى.

دىيارىمىزدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا يۈز بەردى. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى 1911 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كۆتۈرۈلدى. ئاردىن خائىن چىقىش، تەييارلىق پۇختا بولماسلىق، دۈشمەن كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن مەغلۇپ بولدى.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ 10كۈندىن كېيىنلا، يەنى 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭغا ياڭ زەنشىۋ قوماندانلىق قىلدى. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېز غەلىبە قىلىپ، ختاي، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەتلەردىن تەشكىل تاپقان«بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ئىلگىرلەش جەمئىيىتى»نى تەشكىل قىلىپ،«بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى»نى ئېلان قىلدى. ياڭ زەنشىۋ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ـ جۇڭخۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتى يېڭى ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سەييارە سىلاۋچى يۈەن داخۇاغا تېلېگرامما يوللىنىپ ئۇنى جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىشقا دەۋەت قىلىندى، يۈەنداخۇا ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇلارغا قوشۇن ئەۋەتتى. 2-ئاينىڭ 13-كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتوڭ خانى تەختتىن چۈشتى. يۈەنداخۇا جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان يۈەن شىكەي دىيارىمىزغا قويۇلغان سەييارە سىلاۋچىسىنى «دۇدۇ»غا ئۆزگەرتىش، ئىلى تەرەپ بىلەن ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يۈەنداخۇا خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ياڭ زېڭشىڭ تەختتە چىقتى. 7-ئايدا ياڭ زېڭشىن ئىلى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سۈلھە تۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن دىيارىمىزنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇقى ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

## قۇمۇل-تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى

1911-يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيەت قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغىمۇ قولايلىق ياراتتى. 1912-يىلى بۇ ئىككى رايوندا زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىقى چىڭ دەۋرىدىن بۇيان ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كەلگەندى. دىيارىمىزدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ تۈزۈم ئۆزگەرمىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت 1875-يىلى تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئاپپاراتلىرى بولۇپ، ئۇ قۇمۇل رايونىنى 13 سۇمۇل(رايون،يېزا)غا بۆلۈپ، ھەربىر سۇمۇلغا بىردىن دورغا قويۇپ باشقۇردى. دېھقانلار ئۇلارغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شاھقا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بىرىش بەدىلىگە ئازغىنە يەرنى تىرىتۇۋېلىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. دەسلەپكى يىللاردا بۇ ھەقسىز ئەمگەك ئايدا ئۈچ كۈن ئىدى. كېيىن يەتتە كۈنگە كۆپەيتىلدى. دېھقانلار ھاشار داۋامىدا زۇلۇمغا ئۇچرايتتى.

1907 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇمۇلدا مىڭدىن ئارتۇق كىشى توپلاپ قالار جەمەتىنىڭ باشچىلىقىدا ھاشار كۈنىنى قىسقارتىش توغرىسىدا تەلەپ قويۇپ قوزغالدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ۋەقەنى ئەسكەر كۈچى بىلەن جىمىقتۇرۇپ، باشلامچىلىرىدىن تورپاق ئۆزخوجامەت قاتارلىق يەتتە كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بۇ قوزغىلاڭنى ئۇيغۇرلار «تورپاق يىغلىقى» دەپ ئاتىدى.

1912 ـ يىلى يۈن داخۇدا ئۆزىنىڭ ھالاكەت تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شىخودىكى جەڭ مەيدانىغا شامەخسۇتنىڭ ئەسكىرىدىن 500 كىشىنى يۆتكىدى. بۇ 500 ئەسكەر قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، تۆمۈر خەلپە ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، قوشۇننى يۆتكەپ ماڭغان ئەمەلدارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، قورallıق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ غەلبىسىرى ئىلگىرلەۋاتقاندا ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرالماي ھىيلە بىلەن جىمىقتۇردى. 1913 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن تۇڭگان قىسمىنىڭ ئەمىرى لى شۇفۇنى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا سۆھبەتكە ئەۋەتتى. لى شۇفۇ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ھاشارنى ھەرئايدا ئىككى كۈنگە قىسقارتىشقا كاپالەتلىك قىلىمىز، قوزغىلاڭچى قوشۇن ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، تۆمۈر خەلپە يىڭجاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ، دەپ ۋەدە بەردى. تۆمۈر خەلپە ئېتىقادى كۈچلۈك ئەمما سىياسىي تەجرىبىسى كەمچىل، ساددا ئادەم بولغانلىق ئۈچۈن بۇ سۆلھىگە كۆندى.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا تۇرپان دىھقانلىرىمۇ ئاۋاز

قوشتى. تۇرپان ۋاڭلىقىمۇ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ئوخشاش ئىدى. قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرپان ئاستانىلىك مۇھەددىن خەلپە دېگەن كىشىمۇ 1912 - يىلى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ،قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. ياڭ زېڭشىن بۇ قوزغىلاڭغىمۇ «نەسىھەت قىلىپ كۆندۈرۈش»ھىيلىسى بىلەن، قوزغىلاڭچى قوشۇننى بىر يىڭ قىلىپ تەشكىللەپ، مۇھەددىننى يېڭجاڭلىققا تەيىنلەپ، ئۇلارنىمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى.

تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇھەددىن خەلپە ئىككەيلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى تەقىب ئاستىغا ئالدى.1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تۆمۈر خەلپە قولغا ئېلىنىپ، مۇھەددىن خەلپە بىلەن زىنداندا ئۆلتۈرۈلدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەسكەرلىرى يۇرتىغا قايتۇرۇلۇش يولىدا گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ داشتو(ئولانئۇسۇ)دېگەن يېرىدىكى تاغ جىلغىسىدا دەھشەتلىك قىرغىن قىلىندى.1914 - يىلى 3 - ئايدا مۇھەددىن خەلپىنىڭ سەپدىشى ئەمەت بىلەن تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر قاتارلىقلار تۇرپاندا يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار قورال، ئىقتىساد كەمچىللىكى ۋە خائىنلىق تۈپەيلى 1914 - يىلى 12 - ئايدا مەغلۇپ بولدى.

## چىرىيە ۋەقەسى

«چىرىيە ۋەقەسى»مۇ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈرەشتە ئۇيغۇرلار چاررۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشنى نىشان قىلغان.

چىرا يېزىسى(ھازىرقى چىرىيە ناھىيە بازىرى)، كېرىيە ناھىيەسىگە قارايدىغان، سودا، قول سانائەت راۋاج تاپقان بازارلارنىڭ بىرى ئىدى. چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىمۇ بۇ يەرگە ئاقساقال ئەۋەتىپ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنىنى كاپالەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىگە قىلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سىيىت ھاجى ئىسمىلىك ئەسلى خوتەنلىك، كېيىن روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن كىشى بار بولۇپ، ئۇ چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئاقساقال ئىدى. سىيىت ھاجىنىڭ چىرىيەدىكى زوراۋان، يولسىزلىقى خەلقنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن 1912-يىلى سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن كىرىيە، خوتەن، ھەتتا قەشقەرگىچە شىكايەت قىلىپ باردى. سوپۇرگە ئاخۇن ئىشنى چىرايلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن 6-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۇلار سىيىت ھاجى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ رەت قىلىندى ۋە ئەۋەتكەن ئادەملىرى تاياق يېدى. 6-ئاينىڭ 24-كۈنى چىرىيە خەلقىدىن 500دىن ئارتۇق كىشى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، سىيىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، قولچوماقلىرىدىن 31 كىشىنى ئۆلتۈردى.

چىرىيە ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن چاررۇسىيە 500دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، 1913-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى زىندانغا تاشلاتتى. كېيىن بۇ ۋەقە چەتئەلدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنىپ زىلزىلە پەيدا قىلدى. سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر مۇددەت توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندا چىرىيە خەلقى خوتەنگىچە ئالدىغا چىقىپ مىللىي قەھرىمانىنى قارشى ئالدى.

# 15. جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشى

1912 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن دىيارىمىزغا 17يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلدى، نادان قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ خەلقنى خوراپاتقا كۆندۈردى، مەدەنىيەتنى چېكىندۈردى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ھۆكۈمرانلىق گورۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كەسكىنلەشتى.1928 ـ يىلى نەنجىڭدە گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ ئۆزگىرىش دىيارىمىزغا شۇ ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. 6 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن تېلىگرامما ئەۋەتىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى، ئۈچ مەسىلەك بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، كۆك ئاسمان، ئاق كۈن بايراقنى ئېسىپ، بىرلىكنى ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق بۇرۇنقىدەكلا تۇرغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تېزلا قارشىلىق پەيدا قىلدى. 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ7 ـ كۈنى ھۆكۈمرانلىق گورۇھىدىكىلەر «7 ـ ئاپرىل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغاپ، ياڭ زىڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن سىياسىي ئۆزگىرىشنى تىنچلاندۇرۇپ، گەنسۇلۇق يۇرتداش مىلىتارىستلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھوقۇقنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننىڭ مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

جىن شۇرېن تەختكە چىقىپلا ھەربىي قوشۇننى كۈچەيتتى. ئەسلىدىكى 10مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان ھەربىي قوشۇننى 50مىڭغا يەتكۈزدى، چەتئەلدىن يېڭى قورال ـ ياراق سېتىۋالدى. پۈتۈن مالىيىنىڭ%74نى ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئۇ بارلىق سودىنى كونترول قىلىۋالدى. ھەربىي ۋە ئىچكى قىسىملارغا ئۆز يېقىنلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنى قويدى. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي

جەھەتتە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرىشى پارتلىدى.

# 16. قۇمۇل-تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن زۇلۇم ھەسسىلەپ ئاشتى. 1931-يىلى 3-ئايدا قۇمۇلنىڭ شوپۇل يېزىسىدا، چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇشلۇق بىر خىتاي ئوفېتسېرىنىڭ ئۇيغۇر قىزىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى، بۇ ۋەقە جامائەتنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ ۋەقەنى پىلتە قىلىپ قوزغالدى. شۇ ھەربىي ئوفېتسېرنى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ گازارمىسىغا ئوت قويدى. قورال-ياراقلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىدىكى ئاساسلىق ئادەملىرىنىڭ بىرى بولغان خوجىنىياز قوزغىلاڭچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، جىن شۇرىن قىسىملىرى بىلەن قاتتىق تىركەشتى. قوزغىلاڭ يالقۇنى قۇمۇلدىن ھالقىپ، تۇرپان ۋە ھەتتا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا قەدەر كېڭەيدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن كۈنسېرى غەلىبە قازىنىپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار دۈشمەن كۈچىنى يۇقىرى مۆلچەرلەپ، جىيۇچۈەندىكى ماجۇڭيىڭنى ياردەمگە چاقىردى. ماجۇڭيىڭ دەسلەپتە قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ چوڭ مىلتارىست بولىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ئۆزئارا تىركىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۈرۈمچى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

چىرىك، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە ھەربىي جەھەتتە ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بوھران كۈنسېرى كۈچىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى رادىكال ئىدىيەدىكى بىر تۈركۈم ياش ئەمەلدارلار ھەربىي سىياسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزگىرىش قوزغىدى. جىن شۈرىننى قوغلىۋېتىپ، يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. لىيۇ ۋېنلوڭ ۋاقىتلىق رەئىس، شىڭ شىسەي ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى.

# 17. 1933-يىللاردىكى قەشقەر ۋەزىيىتى

قۇمۇل دېھقانلىرى ئىنقىلاپ قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان، ئاقسۇ، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق ھەممە بوستانلىقلاردا ئىنقىلاپ يالقۇنى كۆتۈرۈلدى.

1933-يىلى 2-ئايدا تۆمۈر ئېلى بىلەن ماشىمىڭ قاتارلىقلار تۇرپان، قاراشەھەر، لۈكچۈن، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، شايار، باي قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇۋاتقان دىۋىزىيە كوماندىرى جىن شۇجى بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق كىشى ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالاقزادە بولۇپ ئاقسۇغا ئەسكەر ئەۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن قاراقاش، خوتەنلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋەزىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن جىن شۇجى ئۆلۈۋالدى. قەشقەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقى ۋالى ماشاۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ماشاۋۇ نەچچە قېتىم قوزغىلاڭچىلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ مەغلۇپ بولدى، كېيىنكى قېتىم ئەۋەتكەن ئوسمان باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوشۇنى تۆمۈر سىلىڭ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئالدى. خوتەن، قاراقاشتىكى قوزغىلاڭچىلارمۇ سابىت داموللا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا رەھبەرلىكىدە تېز غەلىبە قىلىپ، گۇما، قاغىلىق، يەكەن ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. قەشقەردە خوجىنىياز ھاجىمغا تەۋە تۆمۈر سىلىڭ گۇرۇھى، ماجۇڭيىڭغا تەۋە ماشىمىڭ گۇرۇھى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ھوقۇق تالاشتى. ماجەنساڭ تۆمۈر سىلىڭنى ئۆلتۈردى، ماجەنساڭنى ئوسمان ئېلى يېڭىشەھەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوغلىدى. سابىت داموللام ئىستىقلال جەمئىيىتىنى قۇرۇپ مۇستەقىل دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلاندى.

1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى سابىت داموللام ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىمنى پرېزىدېنت قىلىپ، ئۆزى باش ۋەكىل (باش مىنىستىر) بولۇپ سايلانغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. پايتەخت قەشقەر قىلىپ بېكىتىلدى.

1934-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى ما جوڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى ئاۋال يېڭىسارغا، ئاندىن يەكەنگە چېكىندۇ. سابىت داموللامنى خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەيگە تۇتۇپ بېرىدۇ، ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېپىل بولۇشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ مۇئاۋىن رەئىس بولىدۇ.

# 18. شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى

شىڭ شىسەي 1931-يىلى قۇمۇل قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندە، ھەربىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇ «باندىتلارنى تازىلاش» باش قوماندانلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ چوڭ مىلىتارىستلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. 1933-يىل «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇ تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن دىيارىمىزنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى ئۆزى تەنھا ئىگىلىۋالدى.1937 -يىلدىن باشلاپ، ئۇ قىرغىنچىلىقنى باشلىدى. 1937-يىلى 9-ئايدىن 11-ئايغىچە 200مىڭدىن ئارتۇق ھەرساھە زاتلارنى قولغا ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوزغىلاڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجىم، ئىلغار زىيالىلار، بايلار بار ئىدى.

1942-يىلى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ئىلغار سىياسىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرىنى تۈرمىگە تاشلاپ قاتتىق قىينىدى. ئۇ ئۆزۈل-كېسىل سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈپ قارشى مەيدانغا ئۆتتى.

1937-يىلدىن 1942-يىلغىچە، شىڭ شىسەي تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان بايلار، خەلقچىل ئىلغار زاتلار، ھەرمىللەت داھىيلىرى ۋە ياش زىيالىلار بولۇپ 120مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.

1942-يىلى جىياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭنى شىڭ شىسەيگە ئالاھىدە ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



«خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ» ئۆزىنى پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى .

1943 ـ يىلى ئەتىيازدا شىڭ شىسەي چۇڭچىڭدىن قايتىپ كېلىپلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ، نۇرغۇن گومىنداڭچىلارنى ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ دىيارىمىزغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، گومىنداڭ شىڭ شىسەينى دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەپ، ۋۇجۇڭشىننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇ ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن بۇرۇن، بۇ ۋەزىپىنى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىكى جۇشاۋلياڭ قوشۇمچە ئۆتەپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن دىيارىمىز پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

گومىنداڭ دىيارىمىز خەلقىگە مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. خەلقنىڭ بارلىق سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىمۇ دىيارىمىزدا ئۆز پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئامېرىكا 1943 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە رەسمىي كونسۇلخانا قۇردى.

گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دىيارىمىز خەلقىگە چىدىغۇسىز بالايى ـ ئاپەتلەرنى كەلتۈردى، مىللىي زىددىيەت، تەڭسىزلىك ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەت كۆنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى.1944 ـ يىلى دىيارىمىز خەلقىنىڭ مىسلىسىز كۆلەمدە ئېلىپ بارغان دېموكراتىك ئىنقىلابچىلىرى مۇشۇ زىددىيەتلەرنىڭ پاش بولۇشى ئىدى.

# 19. مىللىي ئىنقىلاب ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

گومىنداڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە بارلىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرلەرنىڭ بىرى ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىمىغان ئۇيغۇر، قازاق خەلقى 1944 ـ يىلى ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىلىدا قوزغىلىڭ غەلبە قىلغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا خەلقىمۇ قوزغىلىپ غۇلجا شەھىرىنى كونترول قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سۈيدۈڭ، چاپچال، قورغاس، بۆرتالا، ئارشاڭ، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق رايونلارمۇ ئازات قىلىندى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچى ئامما ۋەكىللىرى غولجىغا يىغىلىپ مەجلىس ئېچىپ «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى قۇردى. يىغىندا ئېلىخان تۆرە رەئىسلىككە، ھېكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تارقاق قوزغىلاڭچىلارنى مۇنتىزىم ئىنقىلابىي قوشۇن ـ مىللىي ئارمىيە قىلىپ ئۇيۇشتۇردى. 5 ـ ئايدىن باشلاپ،گومىنداڭغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى؛ 6 ـ ئايدا دۆربىلجىننى، 7 ـ ئايدا تارباغاتاينى، 9 ـ ئايدا ئالتاينى ئالدى.9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنە بىر قوشۇن شىخونى ئالغاندىن كېيىن غەلبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ ماناسقىچە قىستاپ كەلدى. تۇرپان ـ پىچانلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قانات يايدى، جەنۇبقا چۈشكەن قىسىم ئاقسۇ شەھىرىنى، باي ناھىيەسىنى، ئونسۇ ناھىيەسىنى ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز خەلقلىرىمۇ ئىلى ئىنقىلابىدىن تەسىرلىنىپ «تاشقورغان ئىنقىلابى»نى قوزغاپ، تاشقورغان، يېڭىھىسار، قارغىلىق ناھىيىلىرىنى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن ۋە گومىنداڭ ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى ۋە ئۇرۇش توختىتىلدى. «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» تارقىتىۋېتىلدى. مىللىي ئارمىيە قايتا تەشكىللەندى. شەرقى تۈركىستان ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئايلاندى، مىللىي ئىنقىلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دېيىلدى. «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ھوقۇق تۇتتى. 1948 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەسئۇت سەبىرى بايقوزى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى» بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى سىرلىق ئايرۇپىلان ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا سەيپىدىن ئەزىزى ۋەكىللىككە تەيىنلىنىپ بېيجىڭدا سۆھبەتكە قاتناشتى.

# 20. قىزىل ھاكىمىيەت ۋە قارا كۈنلەر

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى گومىنداڭنىڭ دىيارىمىزدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى تاۋسىيۆ ھەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 9-ئاينىڭ 26-كۈنى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ھەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 1949-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتى دىيارىمىزدا تىكلەندى. قىزىل ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەرنى ۋە يۇلتۇزسىز تۈنلەرنى بەخشەندە قىلدى.

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى خىتاي ئارمىيەسى دىيارىمىزغا كىردى. 12-ئاينىڭ 9-كۈنى مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خىتاي ئارمىيەسى بىلەن ئۇچراشتى. 1950-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى مىللىي 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 يىلىدا شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ئىسمى بىلەن رەسمىي تۈردە ئىشغال قىلدى.

www.uyghurkitap.com



# 21. ماۋزېدۇڭ ھاكىمىيىتى ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

شەرقى تۈركىستان بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن 1953 ـ يىلىدا بىر قېتىملىق نوپۇس ستاتىستىكىسى قىلىندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا بۇ يىلىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئۇيغۇر، 6 پىرسەنتىنى خىتايلار ، قالغان قىسمىنى باشقا ئاز سانلىقلار ئىگىلىگەن بولسا، 2000 يىلىغا كەلگەندە نوپۇسىنىڭ 45.21 پىرسەنتىنى ئۇيغۇرلار، 40.57 پىرسەنتىنى خىتايلار ئىگىلىگەن. بۈگۈنكى ۋەزىيەت بىلەن قىياسلىغىنىمىزدا بۇ رەقەمنىڭ ئاشقىنى مۇقەررەر.

1958 ـ 1961 يىلىغىچە ئۇيغۇرلار چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئىقتىسادى پىلانىغا خىزمەت قىلدۇرۇلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى زورلۇق بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى كوللېكتىپلاشتۇردى. «سانائەتتە ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كېتىش» شوئارى ئاستىدا پوتكول يېزا قىشلاقلاردا ئۇيغۇرلار «پولات تاۋلاش»قا قاتناشتى، نەتىجىدە، ئۇيغۇرلاردا ئاچارچىلىق يامراپ بىر باي ناھىيىسىدە 20 ـ 30 مىڭ نوپۇس ئاچارچىلىقتىن ۋە يوقسۇللۇقتىن ھاياتىدىن ئايرىلدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا «چوڭ سەكرەپ ئارقىغا داجىش“ئىدى. بۇ مەزگىللەردە خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن لوپنۇردا يادرو سىناق بازىسى قۇردى. شۇندىن كېيىن 47 قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم بومبا سىنىقى ئۇيغۇرلارنىڭ سالامەتلىكىگە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى.

1958 ـ يىلدىكى «ئېچىلىپ سايراش» ھەرىكىتىدە پىكىر بايان قىلغان ئۇيغۇر زىيالىلار ۋە ئەمەلدارلار خىتاينىڭ يوقىتىش نىشانىغا ئايلاندى. ئۇيغۇر سەرخىللار بۇ چاغدا «يەرلىك مىللەتچى، ئوڭچى، سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇر، ئەكسىل ئىنقىلابچى» دېگەن ناملار بىلەن دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك زەربىگە ئۇچرىدى، بۇ زەربىنىڭ بۈگۈنكى تىرىك

شاھىتى ھاجى مىرزاھەت كېرىمى شۇ يىلى قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. بۇ يازغۇچى 2017-يىلى يەنە بىر قېتىم قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. شۇ يىللاردا ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىر، ئەخمەت زىيائى، ئىبراھىم مۇتئىي، ئىبراھىم تۇردى، ھاجى ياقۇپ ئانات، تۇرسۇناي ھۇسەيىن، مەلىكە زىياۋۇدۇن قاتارلىق زىيالىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 67 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قازاقىستان قاتارلىق ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1966-1977 يىللىردىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنى يوقۇلۇش گىردابىغا كەلدى. مىڭلارچە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاپلار كۆيدۈرۈلدى، ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى كۆپلىگەن زىيالىلار،بايلار سازايى قىلىندى ۋە ئىغىر ئەمگەكلەرگە سىلىندى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر جەمىيىتى ئۈچۈن بىر يوقۇتۇش ھىساپلىنىدۇ. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇرنىڭ تارىخى تەرەققىياتىنى ئارقىغا سۆرىدى.

1971 يىلىدا خىتاي ۋە تۈركىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى خىتاينى رەسمي تۇردە ئىتىراپ قىلدى. 1976 يىلى ماۋزىدۇڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاياقلاشتى ۋە خىتاينى دىڭ شياۋپىڭ كونترول قىلدى.دىڭ شياۋپىڭ بىكىنمىچىلىك سياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىشىكنى سىرتقا ئىچىۋىتىش ۋە ئىسلاھات ئىلىپ بېرىش سياسىتىنى يولغا قويدى. بۇ يىللاردا خىتاي ئامرىكا بىلەن تۇنجى قىتىم دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ يىللاردا يەنە خىتاي پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا بىر پەرزەنتلىك بولۇش سياسىتى يولغا قويۇلدى. ئۇيغۇرلارغىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى رەسمى يولغا قويۇلدى.

1985-يىلى 12-دېكابىر كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى قاتارلىق ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتتلاردا ئوقۇيدىغان مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشى بولۇپ ئۆتتى. نامايىشقا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىچىك شەھەرلەردىن تارتىپ ھەتتا خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەھەرلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاۋاز قوشقان. نامايىش تەرتىپىنى ساقلاشتىكى پەم پاراسەت ۋە تەدبىرلەر نەتىجىسىدە ئۆلۈم-يېتىم يۈز بەرمىگەن. ئەمما شۇ نامايىشقا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار خىتاينىڭ نوقتىلىق كىشىلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان.

1988-يىلى 15-ئىيۇن كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئاساس قىلىنغان يەنە بىر قېتىملىق نامايىش بولۇپ ئۆتتى. نامايىشقا ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ئىشتىراك قىلدى.

1989-يىلى 19-ماي كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان بىر نامايىش بولۇپ ئۆتتى. نامايىش ئاخىرىدا بىر قىسىم زىيانكەشلەرنىڭ قېتىلىشى بىلەن ئۇرۇپ-چېقىشقا ئۆزگەرگەن ۋە قوراللىق باستۇرۇلغان.

# 22. بارىن ۋەقەسىدىن 7 ـ ئىيۇل ۋەقەسىگىچە

1990 ـ يىلىدا قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى نوپۇسى تەخمىنەن 20،000 بولغان، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى قىلغان نامايىشى قانلىق باستۇرۇلدى، نەتىجىدە قوراللىق ئىنقىلاب پارتىلىدى . مىڭلارچە ئۇيغۇر ئىسسىق جانلىرىدىن ئايرىلدى. 1991 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىنىستىرى سۈلەيمان دەمىرەل شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن تىنىمتاپماي خىزمەت قىلغان ئىسا يۈسۈپ ئالىپ تىكىن بىلەن كۆرۈشتى. سۈلەيمان دەمىرەل « شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاسىمىلاتسىيە بولۇشىغا يول قويمايمىز!» دەپ سۆز قىلدى.تۈركىيە باش مىنىستىرى تۇرغۇت ئۆزەل 1992 يىلىدا ئىسا يۈسۈپ ئالىپ تىكىننى قارشى ئالغىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرۈك دۆلەتلىرىنىڭ ئازاتلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئازاتلىق نۆۋىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئاسىمىلاتسىيە سىياسىتى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ دىن ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان بېسىملىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىشقا باشلىدى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى غۇلجا خەلقى نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىش نەتىجىسىدە يۈزگە يېقىن كىشى ئۆلدى، مىڭغا يېقىن كىشى يارىلاندى، 4000 ئەتراپىدا كىشى تۇتۇلدى ۋە جازاغا ھۆكۈم قىلىندى. بۇ يىلىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى مەسۇت يىلماز، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۈتۈن دۆلەت ئورگانلىرىغا ئىمزالىق بەلگە ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستان بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەرنەك ۋە ۋەقپىلەرگە بولغان ھەرقانداق پائالىيەتلەرگە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قاتناشماسلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

1996 يىلىدا جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان شاڭخەي بەشلىكى تەشكىلاتى، 2001 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەزا بولۇشى بىلەن يېڭىدىن شاڭخەي

www.uyghurkitap.com



ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. ختاي شەرقى تۈركىستانغا ئالاقىدار «7- نومۇرلۇق ھۆججەت»نى ئېلان قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى زەربە نىشانى قىلىپ بېكىتتى. يۇقارقى دۆلەتلەر ختاي بىلەن ئۇيغۇرلارنى باشتۇرۇشتا ھەمكارلاشتى.

2008- يىلى 14- مارتتا تىبەتتە ختاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. 2008- بېيجىڭ ئولىمپىك پائالىيىتىگە 5 ئاي قالغاندا دۆلەت سىرتىدىكى تىبەتلەرھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تىبەت رايونىدا بولىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارغا تارتىشقا تىرىشتى. 2008- يىلى 7- ئايدا قەشقەردە قۇربانجان ۋە ئابدۇراخمان ئىسىملىك ئىككى ياش ختاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي باستۇرۇشلارغا قارشى نارازىلىقىنى قوراللىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويدى.

2009 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24- كۈنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزدېنتى ئابدۇللا گۈل باشچىلىقىدىكى ھەيئەت ختايدا زىيارەتتە بولدى ۋە ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ ئەسنادا 6- ئاينىڭ 26- كۈنى، گۇڭدوڭ ۋىلايىتىنىڭ شياۋگۇەن شەھرىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي ئىشلەمچىلىرى تاياق توقماقلىرىدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى بولدى. 7- ئاينىڭ 5- كۈنى پاجىئەدە ئۆلگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە مىڭلەرچە ئۇيغۇر نامايىش قىلدى ۋە ئۆلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە رەسمىي بىر باياناتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بۇ نامايىش قىلغان خەلقمۇ ئىلگىركىللىرىگە ئوخشاش قانلىق باستۇرۇلدى. ختاي ھۆكۈمىتى ۋەقەدىن كىيىن تور، توك قاتارلىق ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنى تاقىدى. ۋەقەدىن كىيىن شىنخۇا ئاگېنتلىقى 192 كىشىنىڭ ئۆلۈپ 1080 كىشىنىڭ يارلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەمما ئۆلگەن ۋە يارلانغانلارنىڭ ھەققى سانى بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ئىدى.

# ئويلاپ باقايلى

1. سىز بۇ تارىخىي بايانلاردىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟ بىرەر ئىبرەت، ھېكمەت، تەربىيە ياكى بىرەر تەجرىبىنى تاپالىدىڭىزمۇ؟
2. بۇ تارىخنىڭ سىزنىڭ ھاياتىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارامسىز؟ بولسا قانداق باغلىنىشى بار؟
3. تارىخ ھەققىدە ئويلىنىش، تارىخنى چۈشىنىش ۋە تارىخ يېزىشنىڭ قانداق زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايسىز؟ ئەگەر سىزگە تارىخ يېزىش پۇرسىتى كەلسە ئۇيغۇر تارىخىنى قانداق يېزىپ چىقاتتىڭىز؟
4. تارىخنى مەدەنىيەت تارىخى، ھاكىمىيەتچىلىك ياكى دۆلەتچىلىك تارىخى، ئىقتىساد تارىخى، سەنئەت تارىخى، پەن تارىخى دەپ بۆلۈشكە توغرا كەلسە، سىز ئوقۇغانلىرىڭىزدىن شۇ مەزمۇندىكى تارىخنى تاپالىڭىزمۇ؟ سىز يۇقىرىدا ئۆگەنگەن ئۇيغۇر تارىخىنى ئىلىم-پەن، سەنئەت، ئەدەبىيات، ھاكىمىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت دېگەن تۈرلەر بويىچە ئايرىپ چىقسىڭىز قانداق خۇلاسىگە كېلىشىڭىز مۇمكىن؟
5. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىلىم سەھىپىلىرى، پاجىئەلەر، نۇسرەتلەر، شانلىق بەتلەر، نومۇسلۇق قۇرلار دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلسا سىز نېمىلەرنى يازغان بولاتتىڭىز؟
6. «جاھان ئاڭلا تارىخىمنى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئۆگىنىش تەسىراتى يېزىپ كېلىڭ.
7. دادامدىن ئاڭلىغان تارىخ دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە بايان ماقالىسى يېزىپ كېلىڭ.
8. تارىخىم ۋە مېنىڭ بۈگۈنۈم دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ.